# شىنجاڭ تەشۋىقاتى

# 新疆宣传

3

1990

# شىنجاڭ تەشۋىقاتى

1990 - يىللىق

3 - سان

(ئومۇمىي 23 - سان)

ئايلىق ژۇرنال

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى


## بۇ ساندا

** ئاپتونوم رايوندىكى رەھبەرلەرنىڭ سۆزلىرى **


نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ۋە بۇ يىلقى تەشۋىقات - ئىدىيە خىزمىتى توغرىسىدا ئومۇمىي تەسەۋۋۇر .......... (1)


** ۋەزىيەت تەربىيىسى **


شەرقىي ياۋروپا ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى تەشۋىقاتتا پايدىلىنىش ماتېرىيالى .................. (31)

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

## [illegible]

* * [illegible] * *

[illegible]

[illegible]

[illegible]

ئاپتونوم رايونىدىكى
رەھبەرلەرنىڭ سۆزلىرى

# نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ۋە بۇ يىللىقى تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتى توغرىسىدا ئومۇمىي تەسەۋۋۇر

— يولداش فېڭ داجېننىڭ 1990-يىل 2-ئاينىڭ 12-كۈنى تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىرى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ئىشخانىسى مۇدىرلىرى يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى

ھازىر پۈتۈن مەملىكەت ۋە شىنجاڭ مۇقىم بولۇپ سىياسىي ۋەزىيەت ياخشى. بۇلتۇر پارتىيىمىز ۋە مەملىكىتىمىز بىر قېتىملىق ئېغىر سىياسىي بوران-چاپقۇننى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، مالىمانچىلىقنى توسۇش، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى تىنچىتىشنىڭ ھەل قىلغۇچ غەلىبىسىگە ئېرىشتى، بۇ قېتىمقى كۈرەشنىڭ غەلىبە قازىنىشى جۇڭگو كومپارتىيىسى جۇڭگو خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ تاللىۋالغان سوتسىيالىزم يولى ۋە ئېلىپ بېرىۋاتقان سوتسىيالىستىك ئىسلاھات ئىشلىرى جۇڭگونىڭ پايانسىز كەڭ زېمىنىدا توسۇۋالغىلى بولمايدىغان تارىخىي ئېقىمغا ئايلانغانلىقىنى يەنىمۇ ئىسپاتلاپ بەردى. بۇنى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەر قانداق دۈشمەن كۈچ تەۋرىتەلمەيدۇ ۋە ئۆز-

گەرتەلمەيدۇ. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭدىمۇ مالىمانچىلىقنى توسۇش ۋە «19 - ماي» ئۇرۇش، چېقىش بۇلاش، پاراكەندىچىلىك سېلىشتەك ئېغىر ۋەقەنى تىنچىتىشنىڭ غەلىبىسىگە ئېرىشتۇق، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيەت داۋاملىق ياخشى تەرەپكە تەرەققىي قىلماقتا. نۆۋەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدا سىياسىي ۋەزىيەت تىنچ، مىللەتلەر ئىتتىپاق، ئىقتىساد مۇقىم، ماسلاشقان ھالدا تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، بازارلار ئاساسەن مۇقىم، مال باھاسى چۈشۈۋاتىدۇ. خەلق تۇرمۇشى تەدرىجىي ياخشىلىنىۋاتىدۇ، تۈرلۈك خىزمەتلەر يېڭى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بولۇپمۇ ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئاممىسى مالىمانچىلىقنىڭ سىنىقىنى باشتىن كەچۈرۈپ، سىياسىي - ئىدىيىۋى ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئازىچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئاڭلىقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى، بۇ، بىزنىڭ بارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىمىزنىڭ كاپالىتى.

لېكىن، يەنە شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، تىنچسىزلىقنىڭ ئامىللىرى يەنىلا مەۋجۇت، بىز دۇچ كېلىۋاتقان ۋەزىيەت جىددىي، ۋەزىپە ئىنتايىن ئېغىر ۋە مۈشكۈل. بۇلتۇر تىنچسىز بىر يىل بولغانىدى، بۇ يىلمۇ تىنچ بولماي، بەلكى تېخىمۇ تىنچسىز، ئىش كۆپ يىل بولىدۇ. خەلقئارادىن قارىغاندا، ئەھۋال ئۆزگىرىشچان بولۇپ توختىماي داۋالغۇش بولۇۋاتىدۇ. غەربتىكى كاپىتالىستىك دۆلەتلەر «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» ستراتېگىيىسىنى تېز-

لىتىپ، ئىدىئولوگىيە جەھەتتە، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي جەھەت-
تە بىزگە قارىتا سىڭىپ كىرىش ۋە چەكلەش ئېلىپ بېرىپ،
ئىس - تۈتەكسىز ئۇرۇش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى، سوتسى-
يالىزم يولىنى ئىنكار قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. شەرقىي ياۋ-
روپانىڭ ۋەزىيىتى يەنىلا تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىۋاتىدۇ،
ئاقىۋىتىنى قىياس قىلىش تەس. يېقىندىن بۇيان، سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ ۋەزىيىتىدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ، بولۇپمۇ
شىنجاڭغا قوشنا بولغان قازاقىستاندا مالىمانچىلىقنىڭ
ئالامەتلىرى پەيدا بولدى. دۆلەت سىرتىدىكى بۆلگۈنچى
كۈچلەرمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بىزگە بولغان سىڭىپ
كىرىش ۋە بۇزغۇنچىلىقنى جىددىيلەشتۈردى. دۆلەت ئىچى-
دىن قارىغاندا، گەرچە مالىمانچىلىقنى توسۇش، ئەكسىل-
ئىنقىلابىي توپىلاڭنى تىنچىتىش جەھەتتە ھەل قىلغۇچ غەلى-
بىنى قولغا كەلتۈرگەن بولساقمۇ، لېكىن جاھان تېخى
تىنچلانغىنى يوق، پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى بىر ئۇ-
چۇم دۈشمەن كۈچلەر ئۆز مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەيدۇ؛
بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش مەيدانىدا چىڭ تۇرىدىغان
ۋە جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىۋېتىش خام
خىيالىدا بولۇۋاتقان ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر يەنە
پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تۈرلۈك بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى
ئېلىپ بارىدۇ، غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئاغدۇرمىچى-
لىق، بۇزغۇنچىلىقلىرى، شەرقىي ياۋروپا ۋەزىيىتى، سوۋېت
ئىتتىپاقى ۋەزىيىتىدىكى پاراكەندىچىلىك مۇقەررەر ھالدا
شىنجاڭغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان، شىن-
جاڭدا ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر ئىزچىل تۈردە

مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى كىلىماتىنىڭ تەسىرىدە، بۇ خىل بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى كۈچىيىپ كەتتى. ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر دۆلەت سىرتىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، يىراقتىن ھەمدەم بولۇشۇپ، ئەكسىيەتچىل شوئار، تەشۋىق ۋەرەقىسى، چوڭ - كىچىك خەتلىك گېزىت، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يېزىش قاتارلىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، تارىخنى بۇرمىلاپ، پارتىيە رەھبەرلىكىگە ھۇجۇم قىلىپ، «مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك»، «شەرقىي تۈركىستان قۇرايلى»، «خەنزۇلار شىنجاڭدىن چىقىپ كەتسۇن» دەپ جار سالدى، ھەتتا مىللەت، دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ماجىرا چىقىرىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشقا ئۇرۇندى. ئىلگىرى باستۇرۇلغان شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن بۇيانقى ئەڭ چوڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھ «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» تا ھازىرغىچە نىيىتىدىن يانغىنى يوق، بەزىلەر ئەنزە ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ، بىر مۇنچە كىشىلەر داۋاملىق ھالدا تۈرلۈك ئەكسىلئىنقىلابىي بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. دۆلەت سىرتىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر «شەرقىي تۈركىستان» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بۇ شىنجاڭ دۇچ كەلگەن مۇھىم خەۋپ. بۇ كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى جاھانگىرلىكنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ستراتېگىيىسى بىلەن زىچ ماسلاشقان بولۇپ، ئۇلار دۆلەت سىرتىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر ۋە دۈشمەن كۈچلەر-

نىڭ شىنجاڭدىكى پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۈچىدۇر. بىز بۇنىڭغا نىسبەتەن يۈكسەك دەرىجىدە ھۇشيار بولۇشىمىز، ھەرگىز بىپەرۋالىق قىلماسلىقىمىز، سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك. مېڭىمىزنى چوقۇم سەگەك تۇتۇپ، دۈشمەن ئەھۋالى قارىشىنى، سىنىپىي كۆرەش قارىشىنى، خەلق دېموكراتىيىسى قارىشىنى مۇستەھكەم تىكلەپ، تېخىمۇ چوڭ مالىمانچىلىق ۋە تاسادىپىي ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىشىمىز، ھەر تەرەپتىن كېلىدىغان تېخىمۇ چوڭ جەڭگە تاقابىل تۇرۇشىمىز كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلاردىن شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى مەسىلىسىگە يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە جىددىيلىك ھېسسىياتى بىلەن مۇئامىلە قىلىشىنى، مۇقىملىقنى مەركەز قىلىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتكە بولغان تەھلىلى ۋە بۇ يىلقى خىزمەتلەرگە بولغان ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، بىز شۇنداق قارايمىزكى، بۇ يىل پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ تەشۋىقات- ئىدىيىۋى خىزمىتىدىكى باش يېتەكچى ئىدىيە — «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەننى داۋاملىق، قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، پارتىيە 13- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4- ئومۇمىي يىغىنى، 5- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 3- نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 14- قېتىملىق ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك، ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «جۇڭگو كوممۇنىستىك

پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەشۋىقات-ئىدىيىۋى خىزمەتنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» نى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ش پ (1989) 19-نومۇرلۇق ھۆججىتىدە بەلگىلەنگەن تۆرلۈك ۋەزىپە ۋە تەلەپلەرنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ماركسىزم-لېنىنىزم، سوتسىيالىزم ئىدىيىسى ئارقىلىق ئىدېئولوگىيە ۋە تەشۋىقات، مەدەنىيەت بازىلىرىنى ئىگىلەپ، ئاپتونوم رايونىمىز ۋەزىيىتىنىڭ داۋاملىق مۇقىم بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە تۈزەش، ياخشىلاش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ياخشى سىياسىي، ئىدىيە شارائىتى ۋە ئىجتىمائىي جامائەت پىكرى مۇھىتى يارىتىشتىن ئىبارەت.

نۆۋەتتىكى مۇرەككەپ خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە دۆلىتىمىز ئىچىدىكى ۋەزىيەتكە نىسبەتەن، تەشۋىقات خىزمىتى ۋە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى ھەر قايسى تارماقلارنىڭ خىزمىتىدە مۇقىملىقنى مەركەز قىلىش، مۇقىملىق ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ دېيدىغان ئىدىيىنى تۇرغۇزۇش كېرەك، ھەر قانداق خىزمەت مۇقىملىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، مۇقىملىققا بويسۇنۇشى، مۇقىملىقنى كۆزدە تۇتۇشى كېرەك. كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشكەن خىزمەتلىرىمىز ئارقىلىق، كىشىلەرنىڭ سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىش ئىرادىسىنى مۇستەھكەملەپ، كىشىلەرنىڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى كۈچەيتىپ، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك

قىلىشىمىز كېرەك. تەشۋىقات ئىدىيە خىزمىتىدە چوقۇم ۋەز-
زىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىشەنچىنى ئاشۇرۇش، روھنى
ئۇرغۇتۇش، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشنى خىزمىتىمىزنىڭ
ئاساسىي نۇقتىسى قىلىش كېرەك، ھەر قايسى تارماقلار بۇ
يىل يىغىنى روشەن بولۇش، يۆنىلىشى ئايدىڭ بولۇش،
قەدەم پۇختا بولۇش، سىياسەتكە ئېتىبار بېرىش، خىزمەتنى
چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. كونكرېت قىلىپ
ئېيتقاندا، بۇ يىل تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى نۇقتىلىق ياخ-
شى تۇتۇش كېرەك:

بىرىنچى، خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە دۆلەت ئىچى ۋەزى-
يىتى تەربىيىسىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، 4-ئومۇمىي يىغىن،
5-ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىش ۋە تەشۋىق قىلىش-
نى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك.

بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، پۈتۈن ئاپتونوم را-
يونىمىزدىكى كادىرلارنىڭ سىياسىي نەزەرىيە ئۆگىنىشى ۋە
ئاممىغا ئېلىپ بېرىلىدىغان تەشۋىق-تەربىيە خىزمىتىنىڭ
مەركىزىي مەزمۇنى، يەنىلا پارتىيە 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي
كومىتېتى 4-ئومۇمىي يىغىنى، 5-ئومۇمىي يىغىنى ۋە ئاپ-
تونوم رايونلۇق 3-نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 14-قېتىم-
لىق ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھى بولىدۇ،
خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتى تەربىيىسى
مۇھىم نۇقتا قىلىنىدۇ. چوڭقۇر ئۆگىنىش ۋە تەشۋىق قى-
لىش ئارقىلىق، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كەڭ كادىرلار
ۋە ئاممىنىڭ تونۇشىنى تىنچ-ئىتتىپاق بولغان سىياسىي
ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا، سوتسىيا-
لىزم يولىدا چىڭ تۇرۇپ، خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەر-

نىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشىگە قارشى تۇرۇشقا، قىلچە تەۋ-
رەنمەستىن ياخشىلاش، تەرتىپكە سېلىش، ئىسلاھاتنى
چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ياخشى ئېلىپ بېرىشقا بىرلىككە كەل-
تۈرۈش كېرەك.

سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى، جەمئىيەتنىڭ
مۇقىملىقىنى ساقلاش ئۈچۈن، شەرقىي ياۋروپادىكى ئۆزگى-
رىش، بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۆزگىرىش بىلەن
بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممى-
سىغا قارىتا خەلقئارا ۋەزىيەت، بولۇپمۇ شەرقىي ياۋروپا
ۋەزىيىتى ھەققىدە تەربىيە ئېلىپ بېرىش كېرەك. شەرقىي
ياۋروپادىكى ئۆزگىرىش ماھىيەتتە بىر خىل تىنچ ئۆزگىرىپ
كېتىش بولۇپ، بۇ بىز چۈشەنگەندەك سوتسىيالىستىك
ئىسلاھات ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئاتالمىش ئىسلاھاتى سوتسى-
يالىزم يولىدىن چەتلەپ كەتتى. كوممۇنىستىك پارتىيە
رەھبەرلىكىدىن ئايرىلىپ قالدى، سوتسىيالىزمنىڭ ئومۇمىي
مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ئىنكار قىلىندى، سوتسىيالىزم تۈزۈ-
مىدە مەلۇم ماھىيەتلىك ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە،
شەرقىي ياۋروپا ۋەزىيىتى ۋە خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى ئۆز-
گىرىشكە قارىتا، بىز يەنە داۋاملىق سوغۇققانلىق بىلەن
كۆزىتىشىمىز، ئەستايىدىل ئىزدىنىپ تەھلىل قىلىشىمىز، تەت-
قىق قىلىشىمىز، بولۇپمۇ نەزەرىيە جەھەتتە تەجرىبە-
ساۋاقلارنى يەكۈنلىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا
ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئاممىسى، ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربى-
يىلەپ، خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بىزنى يوقىتىش
نىيىتىدىن يانمايدىغانلىقىنى، بىزگە نىسبەتەن تىنچ ئۆز-
گەرتىۋېتىش يۈرگۈزۈشنى تېزلىتىۋاتقانلىقىنى، دۇنيا مىق-

ياسىدا باشتىن-ئاخىر سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە ئىدىيە جەھەتتە ئۆتكۈر كۈرەش مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇتۇش لازىم. شەرقىي ياۋروپانىڭ ئۆزگىرىشى بىزگە يەنە، مەملىكىتىمىزنىڭ بۇلتۇرقى بېيجىڭدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى تىنچىتىشتىكى تەدبىرىنىڭ دانالىقىنى، پارتىيىنىڭ بىر مەركەز ئىككى ئاساسىي نۇقتىدىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ توغرىلىقىنى، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشنىڭ مۇقەررەر ھالدا مالىمانچىلىق ۋەزىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، دۇنيادا مەيلى قانداق بوران-چاپقۇن يۈز بەرسۇن، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئېتىقادىمىزدا چىڭ تۇرۇشىمىز، سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشىمىز، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇشىمىز، قەتئىي تەۋرەنمەي سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشىمىز لازىم.

سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ئۈچۈن داۋاملىق تۈردە 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش، مەملىكەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ۋە تۈزەش، ياخشىلاش فاڭجېنىنى توغرىسىدىكى تەشۋىق-تەربىيىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش، پارتىيىنىڭ 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئارقىلىق، يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، قىيىنچىلىقلارنى كۆرۈش، روھنى ئۇرغۇتۇش، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەش لازىم. ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك (جۈملىدىن چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلاردىكى) رەھبىرىي كادىر-

لارنىڭ ئۆگىنىشىنى داۋاملىق ئوبدان ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنى
ھۆججەتلەرنىڭ روھىنى پىششىق ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش بىلەن
بىر ۋاقىتتا، گەۋدىلىك بولغان بەزى تونۇش مەسىلىلىرى
ۋە رەھبەرلىكتىكى ئىدىيە مەسىلىلىرىنى ئۆز جايى، ئۆز
ئورنىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن بىرلەشتۈرگەن ھالدا
ھەل قىلىپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، سىياسەتنى
بىرلىككە كەلتۈرۈش، ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە
ئەھمىيەت بېرىدىغان قىلىپ چىقىش كېرەك. تۈزەش، ياخ-
شىلاش ۋە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەريانىدا ھەم
دۆلەتنىڭ بىردەك تەلىپىدە چىڭ تۇرۇش، ھەم شىنجاڭنىڭ
ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ
ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىش لازىم. شەھەر، يېزا، ئاسا-
سىي قاتلام ۋە كەڭ ئامما ئارىسىدا سىياسىي ۋەزىيەت ۋە
ئىقتىسادىي ۋەزىيەت توغرىسىدىكى تەربىيىنى تېخىمۇ چوڭ-
قۇرلاشتۇرۇش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ
بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ غايەت زور نەتىجىلىرى
ئارقىلىق سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئىسلاھات
ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ ھاياتىي كۈچىنى
ۋە تۈزەش، ياخشىلاشنىڭ توغرىلىقىنى چۈشەندۈرۈش،
ئاممىغا ۋەزىيەتنى ئېنىق چۈشەندۈرۈش، سىياسەتنى ئېنىق
چۈشەندۈرۈش، قىيىنچىلىق ۋە قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشنىڭ
ئۇسۇللىرىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈش، كىشىلەرنىڭ قىيىنچىلىق-
لارنى يېڭىش ئىشەنچىسىگە ئىلھام بېرىش ۋە قەتئىيلەشتۈ-
رۈش كېرەك. «قىسقارتىلىدىغان» كارخانىلار بىلەن «ساق-
لىنىپ قېلىنىدىغان كارخانىلار» ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى
ياخشى كارخانىلار بىلەن ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىغان ۋە

يېرىم توختىغان كارخانىلارنىڭ ئەھۋالى ۋە مەسىلىسى
ئوخشىمايدۇ، ئۇلارغا قاراتمىلىقى بولغان ھالدا مەركەزنىڭ
تەدبىرىنى ۋە فائىجېنىنى سۆزلەش، ئامما كۆڭۈل بۆلىدى-
غان ۋە باشقىلار ئاسان چۈشىنىدىغان داۋلىلارنى سۆزلەش،
ئاغرىنىش ۋە نارازىلىق كەيپىياتىنى پەسەيتىپ ۋە تۈگى-
تىپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش غەيرىتىنى ۋە
ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇش لازىم.

ئىككىنچى، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش،
بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۇرۇشكە قارشى تۇرۇش تەربىيىسى ۋە
كۈرىشىنى بايرىقى روشەن ھالدا ئېلىپ بېرىش كېرەك.

تارىخنىڭ تەجرىبىسى ۋە دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى
رەھىمسىز رېئاللىق بىزگە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۇرۇش پى-
كىر ئېقىمىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە يامراپ كېتى-
تىشى مۇقىم بولماسلىقنىڭ ئەڭ چوڭ ئامىلى ئىكەنلىكىنى
چۈشەندۈردى. پەقەت بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۇرۇش پىكىر
ئېقىمىغا قارشى داۋاملىق، ئۈزلۈكسىز تەنقىت ۋە كۈرەش
ئېلىپ بارغاندىلا، ئاندىن ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئامى-
مىنىڭ تونۇشىنى، ھەرىكىتىنى پارتىيىنىڭ لۇشيەنى ئاسا-
سىدا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، چوڭ ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرغى-
لى، تىنچ ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھ-
كەملىگىلى ۋە تەرەققىي قىلدۇرغىلى، ئاندىن سوتسىيالىستىك
قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشكىنى ئېچىۋېتىش-
نىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ.
بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۇرۇش پىكىر ئېقىمىنى چوڭقۇر تەنقىد
قىلىش - مۇقىملىقنى ساقلاشنىڭ مۇھىم بىر شەرتى. ئەر-
كىنلەشتۇرۇش پىكىر ئېقىمى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدىيىۋى

قالايمىقانچىلىقنى تەنقىد قىلمىغان، ئايدىڭلاشتۇرمىغاندا، ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ يامراپ كېتىشىگە يول قويغاندا، ئالەم مۇقەررەر مالىمان بولىدۇ. چۈنكى، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش بىلەن تۆت ئاساسىي پرىنسىپنىڭ قارىمۇ قارشىلىقى يالغۇز ئىدىيە - نەزەرىيە جەھەتتىكى كۈرەش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىر قاتتىق سىياسىي كۈرەش بولۇپ، كۈرەشتىكى تۈپ مەسىلە سوتسىيالىستىك خەلق جۇمھۇرىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ياكى قوغداش مەسىلىسىدىن ئىبارەت. شۇڭا بىز چوقۇم 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ تەلپى بويىچە، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى كۈرەشنى ھەرگىز بوشاشتۇرماستىن بايرىقىمىز روشەن، پوختا ھالدا ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن:

بىرىنچىدىن، ماركسىزم ئارقىلىق نەزەرىيە تەتقىقاتىنى ئەدەبىيات - سەنئەت، ئاخبارات - نەشرىيات، تەشۋىقات - جامائەت پىكرى قاتارلىق خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىپ سوتسىيالىستىك ئىدىيە ئارقىلىق، ئىدىيە، مەدەنىيەت بازىسىنى ۋە تەشۋىقات - جامائەت پىكرى بازىسىنى ئىگىلەپ، بۇ بازىلارنى ماركسىزم مەيدانىدا چىڭ تۇرىدىغان، پارتىيىنىڭ لۇشيەنىنى ئىجرا قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇشىمىز لازىم. باش شۇجى جياڭ زېمىن ئىدىئولوگىيە ساھەسىنى، ئىدىيە - مەدەنىيەت بازىلىرىنى سوتسىيالىزم ئىدىيىسى ئىگىلىمىسە، كاپىتالىزم ئىدىيىسى مۇقەررەر ئىگىلەيدۇ. بۇ بىر ھەقىقەت، بۇنى تەشۋىقات خىزمىتىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم پرىنسىپى قىلىپ ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك، دەپ ئىزچىل تەكىتلەپ كەلدى. بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەر ئوبدان ئىشلەنسە،

ئاساسي قاتلامدىكى ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەت بىر قە-
دەر ياخشى ئىجتىمائىي جامائەت پىكرى مۇھىتىغا ئىگە
بولىدۇ. شۇڭدىلا كۈچلۈك ئىدىيىۋى، نەزەرىيىۋى قورالغا
ئىگە بولغىلى بولىدۇ. بولمىسا قىلغان ئىشىمىز نەتىجىلىك
بولمايدۇ. شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، بۇلتۇر كېيىنكى يې-
رىم يىلدىن بۇيان، بىر كىتاب، ژۇرنال، گېزىت، ئۈن ـ
سىنئالغۇ بويۇملىرىنى ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىش، مەدەنى-
يەت بازارلىرىنى ساپلاشتۇرۇش داۋامىدا، بىر تۈركۈم ئەك-
سىيەتچىل، شەھۋانىي نەشرىيات بۇيۇملىرى ۋە ئۈن ـ سىن-
ئالغۇ بۇيۇملىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدۇق، چەكلىدۇق،
بىر تۈركۈم گېزىت ژۇرنال ۋە نەشرىيات ئورۇنلىرىنى تا-
قىدۇق، توختاتتۇق ۋە قوشۇۋەتتۇق، خىزمەت نەتىجىلىك
بولدى. لېكىن بۇ جەھەتتە ئىشلەشكە تېگىشلىك يەنە نۇر-
غۇن خىزمەتلەر بار، مەسىلەن، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىلگى-
رى نەشر قىلىنغان ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ناچار بولغان بە-
زى كىتابلارنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن مۇتەخەسسىسلەرنى تەش-
كىللەپ بىر تەرەپ قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا،
بەزى نەشرىياتلارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساس-
دا بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ؛ بارلىق ئىجتىمائىي
پەن ۋە ئەدەبىيات تۈرىدىكى ژۇرنال تەھرىر بۆلۈملىرى
ئىلگىرىكى تەكشۈرۈش ئاساسىدا، قايتىدىن ئۆز ئالدىغا
تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشى ھەمدە ئۆز ئالدىغا تەكشۈرۈش
دوكلاتى يېزىپ چىقىشى لازىم ۋە باشقىلار. بارلىق گېزىت،
ژۇرنال، نەشرىيات، رادىئو، تېلېۋىزىيە ئورۇنلىرىنى ئېنىقلاش،
تەكشۈرۈش، تەرتىپكە سېلىش ئاساسىدا، بۇنىڭدىن كېيىن
ئەركىنلەشتۈرۈشنى ئازراقمۇ بازار بىلەن تەمىنلەپ قويماس-

لىققا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. بۇنىڭدىن كېيىن، كىم بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنى ۋە ۋەتەن بىرلىكىگە بۆلگۈن- چىلىك سېلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇشنى تەرغىپ قىلىدىغان نەرسىنى ئېلان قىلسا، ئۇنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش كېرەك. شۇنىڭغا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇكى، ھازىر بەزىلەر ھەرىكىتىنى توختاتماي، يەنىلا ئۇششاق ھە- رىكەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. بىزنىڭ بۇنىڭغا تۇتقان پوزىتسىيىمىز ئۇلارغا يول قويماسلىق، باش كۆتەرگەن ھا- مان سۈرۈشتۈرۈش، جىنايەت ئارتىپ ئەيىبلەشتىن ئىبارەت. قىسقىسى، تەشۋىقات ـ جامائەت پىكرى بازىلىرىدىن تەر- تىپكە سېلىشقا تېگىشلىك بولغىنىنى چوقۇم تەرتىپكە سېلىش، كۆچەيتىشكە تېگىشلىك بولغىنىنى چوقۇم كۆچەيتىش، تو- ۋۇقلاشقا تېگىشلىك بولغىنىنى چوقۇم تولۇقلاش كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن جامائەت پىكرى بازىسىدا چاتاق چىقماسلىققا كاپالەتلىك قىلغىلى، ئۇزاققىچە تىنچ خاتىرجەم بولغىلى بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، نەزەرىيە قوشۇنىمىزنى تەشكىللەپ، يۇ- قىرى سۈپەتلىك ماقالە ۋە ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپ ۋە ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىكتىن ئىبارەت تۈرلۈك قاراشلارنى تەنقىد قىلىپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى بىلەن مىللىي بۆلگۈنچىلىك پىكىر ئېقىمى پەيدا قىلغان ئىدىيىۋى، نەزەرىيىۋى قالايمىقانچىلىقنى ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىز لازىم. بۇ خىز- مەت ئاپتونوم رايونىمىزدا تېخى ئەمدىلا باشلىنىپ، مۇشۇ يىللاردىن بۇيانقى بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ۋە مىللىي

بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىپ قىلغۇچىلار ئوتتۇرىغا قويغان نۇقتى-
ئىنەزەرلەرگە تېخى تاقالمىدى، تاقالغانلىرىنىمۇ چوڭقۇر
تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئوتتۇرىغا قويۇلغان خاتا
نۇقتىئىنەزەرلەرنى تەنقىد قىلىشنى ئۇدا بىر نەچچە يىل
ئۈزۈلدۈرمەي ئېلىپ بېرىش، ماقالە يېزىپلا قالماستىن،
بەلكى كىچىك قوللانما چىقىرىش لازىم. خىلمۇ خىل
خاتا نۇقتىئىنەزەرلەرنى تەنقىد قىلىشتا، ئوخشاش بولمىغان
ئەھۋاللارنى پەرقلەندۈرۈپ، ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇل
قوللىنىش لازىم. تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا قارشى تۇرىدى-
غان ئەركىنلەشتۈرۈش نۇقتىئىنەزەرىنى، مىللىي بۆلگۈنچىلىك-
نى ئاشكارە تەرغىپ قىلىدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى بۇ-
زىدىغان ئەكسىيەتچىل نۇقتىئىنەزەرلەرنى تەنقىد قىلىش
كېرەك، ئۇلارنىڭ «بەس - بەس بىلەن سايرىشى» غا
يول قويۇشقا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئاساسىي قانۇنغا خىلاپ.
نەزەرىيە جەھەتتە بۇرژۇئازىيىنى تەرغىپ قىلىدىغان پەلسە-
پە نۇقتىئىنەزىرى، سىياسىي نۇقتىئىنەزەر، ئىقتىسادىي نۇق-
تىئىنەزەر، ئەدەبىيات - سەنئەت نۇقتىئىنەزىرى، مىللەت
نۇقتىئىنەزىرى ۋە بۇرژۇئاچە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى،
قىممەت قارىشى، ئەخلاق قارىشى قاتارلىقلار تۆت ئاساسىي
پرىنسىپقا بىۋاستە قارشى تۇرۇشتىن پەرقلىنىدۇ، شۇنىڭ بى-
لەن بىر ۋاقىتتا، ئىككىسى يەنە باغلىنىشلىق بولىدۇ، يەنى
بۇرژۇئازىيىنىڭ نەزەرىيە نۇقتىئىنەزىرى بۇرژۇئاچە ئەركىن-
لەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ ئىدىيە - نەزەرىيە ئاساسىدىن
ئىبارەت، بولۇپمۇ ئەركىنلەشتۈرۈش مەيدانىدا چاھىللىق
بىلەن چىڭ تۇرغان بەزى كىشىلەر كۆپ ھاللاردا ئىلمىي
مۇھاكىمە ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئەركىنلەشتۈرۈش نۇقتىئىنە-

زىرىنى تەرغىپ قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. شۇڭا، بۇرژۇئاچە ئەر-كىنلەشتۈرۈشكە قارشى كۈرەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، ئوخ-شاشلا بۇ ساھەلەردىكى خاتا نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئايدىڭلاش-تۇرۇپلىش كېرەك. قىسقىسى، تۆت ئاساسي پرىنسىپقا قار-شى تۇرىدىغان ئەركىنلەشتۈرۈش نۇقتىئىنەزەرنى ئەلۋەتتە تەنقىد قىلىشىمىز؛ ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ ئىدىيىۋى - نەزەرى-يىۋى ئاساسى بولغان خاتا نەرسىلەرگىمۇ قارشى تۇرۇشى-مىز لازىم. ئۇلارنىڭ خالىغانچە يامراپ كېتىشىگە يول قو-يۇشقا بولمايدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىككى خىل ئەھۋالدا قانداق پەرق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تەنقىد قىل-غان ۋاقتىمىزدا، ئاددىي ئۇسۇل قوللانماسلىقىمىز، بەلكى پاكىت قويۇپ، داۋالى سۆزلىشىمىز، ئاساس - پاكىتلار ئارقىلىق كىشىلەرنى قايىل قىلىشىمىز لازىم. بىزنىڭ كۆز-دە تۇتىدىغىنىمىز زور كۆپچىلىكنى تەربىيىلەپ، ئوتتۇرىدى-كى ئاممىنى قولغا كەلتۈرۈش، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدىكى تۈگۈننى يېشىشتىن ئىبارەت. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن كىشىلەرنىڭ تونۇشىنى ھەقىقىي بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىتتى-پاقلىقنى كۈچەيتىپ، چوڭ ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرغىلى بو-لىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ھەر قايسى تەرەپلەردىكى دائىملىق ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى ھەقىقىي تۇردە ياخشى ئىشلەپ، كارخانىلارنى، يېزىلارنى، مەكتەپلەرنى، شەھەر ئاھالىسىنى مۇقىملاشتۇرۇش لازىم.

نۆۋەتتىكى پايدىلىق پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىڭ كىشىلىك خىزمەت ئۆمىكى تەشكىللەپ يېزىلارغا، زاۋۇتلارغا، ئاساسىي قاتلامغا چۈشۈ-

رۇش شەرق شامىلىدىن پايدىلىنىپ، پۈتۈن شىنجاڭ مىقسىدا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش تەربىيىسىنى كەڭ، چوڭقۇر ئېلىپ بېرىشىمىز، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا، خەلقئارا ۋە مەملىكەت ئىچى ۋەزىيىتى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇشىمىز، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى، پەقەت سوتسىيالىزملا جۇڭگونى قۇتقۇزالايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، بايرىقىمىز روشەن هالدا پارتىيىنىڭ 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4 - ئومۇمىي يىغىنى، 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ تونۇشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بارلىق پاسسىپ ئامىللارنى تۈگىتىشىمىز، بارلىق ئىجابىي ئامىللارنى ئىشقا سېلىشىمىز لازىم. ئىدىيىۋى تەربىيىنى قاتلاملارغىچە بۆلۈپ، قاراتمىلىقى بولغان هالدا ئېلىپ بېرىش كېرەك.

ئىدىيىۋى تەربىيىنى قاتلامغا بۆلۈپ، قاراتمىلىقى بولغان هالدا ئېلىپ بېرىش، ئىشچىلارغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرىي سىنىپ، خوجايىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ خوجايىنلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. هازىر كارخانىلاردا قىيىنچىلىقلار ناهايىتى كۆپ، تەشۋىق - تەربىيە ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تونۇشىنى ئۆستۈرۈشىمىز، ئۇلارنى غەيرەتكە كېلىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، دۆلەت ئۈچۈن كۆپلەپ تۆھپە قوشۇشقا ئىلھام بېرىشىمىز لازىم، بۇنىڭ ئۈچۈن، كارخانىلاردا ئالدىنقى يېرىم يىلدا نۇقتىلىق هالدا سىيا-

سي ۋەزىيەت ۋە ئىقتىسادىي ۋەزىيەت تەربىيىسىنى تۇقتى-
لىق ئېلىپ بېرىشىمىز، كېيىنكى يىلدىن باشلاپ، 35 ياش-
تىن تۆۋەن ياش ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئارىسىدا، ئىشلەپچى-
قىرىشتىن ئايرىپ نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى
قوللىنىپ، ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالى ۋە ئاساسىي لۇشيەن
توغرىسىدا سىستېمىلىق تەربىيە ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك.
ھەر بىر كىشى يىلدا ئاز دېگەندە يەتتە كۈندىن ئون كۈنگىچە
ئۆگەنسە، 2 – 3 يىلدا بىر نۆۋەتتىن تەربىيىلەپ چىققىلى
بولىدۇ. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق
پارتكومىنىڭ ھۆججەتلىرىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە يەنىمۇ
ئىلگىرىلىگەن ھالدا كارخانىلاردىكى سىياسىي خىزمەت تۈ-
زۈلمىسىنى كۈچەيتىشىمىز ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز، سىيا-
سىي خىزمەت ئاپپاراتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز، سىيا-
سىي خىزمەت كادىرلار قوشۇنىنى تولۇقلاپ، كارخانىلاردىكى
پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ سىياسىي تۆۋرۈكلۈك رولىنى جارى
قىلدۇرۇپ، ئۇلارغا كارخانىلاردىكى ئىدىيىۋى - سىياسىي
خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى يۈكلىشىمىز لازىم.
دېھقان - چارۋىچىلارغا بولغان ئىدىيىۋى تەربىيە
خىزمىتىنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ھەقىقىي ياخشى ئىشلەش،
يېزىلار ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ
سوتسىيالىستىك ئىدىيىسىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى
ۋە كوللېكتىۋىزملىق ئىدىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى مەقسەت قىل-
غان ئاساسىي لۇشيەن تەربىيىسىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش،
يېزىلاردىكى ئۇنىۋېرسال مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشىنى
پىلانلىق چىڭ تۇتۇش، پارتىيە ئەزالىرى ئائىلىلەر بىلەن
مۇناسىۋەت باغلاش تۈزۈمىنى كەڭ يولغا قويۇپ، ئاساسىي

قاتلام كادىرلىرى بىلەن پارتىيە ئەزالىرىنى قەرەللىك تەربىيىلەش، مەدەنىيەتلىك كەنت ـ بازار، قوش مەدەنىيەتلىك ئائىلە قاتارلىق مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش، پارتىيە ـ ئىتتىپاق ئەزالىرى ئارىسىدا ئاتېزىم تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، دىنىي كۈچلەرنىڭ يېزىلاردىكى تەسىرىنى توسۇپ ۋە تەدرىجىي تارايتىپ، يېزىلار ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىنى ھەقىقىي مۇقىملاشتۇرۇش لازىم.

ھەردەرىجىلىك،ھەر تۈرلۈك مەكتەپلەردىكى ياش ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلارغا بولغان ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى كۈچ سەرپ قىلىپ ياخشى ئىشلەپ، ياش ئوقۇتقۇچىلارنى مۇقىملاشتۇرۇشىمىز، ئوقۇغۇچىلارنى مۇقىملاشتۇرۇشىمىز، مەكتەپلەرنى مۇقىملاشتۇرۇشىمىز لازىم. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىز سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقى بىلەن ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاشتىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر تەرەپ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ، ئون يىلدىن بۇيان بىزنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەنلىكىمىز شۇكى، تەربىيە يېتەرلىك بولمىدى، دېدى. بۇ ئەلۋەتتە ياش ئوقۇتقۇچىلارغا، ئوقۇغۇچىلارغا بولغان تەربىيىنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىنى، ئىدىيە جەھەتتە، سىياسىي جەھەتتە قاتتىق تەلەپ قويۇلمىغانلىقىنى، ياردەمنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز كۆپ يىللاردىن بويان ئۇرۇمچى ۋە ھەر قايسى جايلاردا يۈز بەرگەن مالىمانچىلىقلارنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ، ھەردەرىجىلىك، ھەر خىل مەكتەپلەردىكى دائىملىق ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى ھەقىقىي كۈچەيتىشىمىز، بولۇپمۇ ئاسان ۋەقە يۈز بېرىدىغان مەكتەپ-

لەرنىڭ خىزمىتىنى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇشىمىز لازىم. مەسىلە چىقىشنى كۈتۈپ تۇرماسلىق كېرەك، ئۇنداق بولغاندا، زىيان چوڭ بولىدۇ.

چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەردىكى ئاھالىلەر، جۈملىدىن ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلار، مەھەللە ئاھالىلىرىغا بولغان ئىدىيىۋى خىزمەتنى ھەقىقىي تۇردە ئوبدان ئىشلەش كېرەك، بۇ، شەھەرلەردىكى تىنچ - ئىتتىپاقلىقنى ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئاچقۇچى.

ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەمئىيەتتىكى «قىزىتما» مەسىلىلەرنى، مەسىلەن، ئىش توختىتىش، ئىش كۈتۈپ تۇرۇش مەسىلىسى، ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلار مەسىلىسى، نامرات ئائىلىلەر، ئاشلىقى ئۆكسۈپ قالىدىغان ئائىلىلەر مەسىلىسى، مال باھاسى مەسىلىسى قاتارلىقلارنى ئوبدان ھەل قىلىشقا دىققەت قىلىش، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش تىنچسىزلىقىنىڭ ئامىلى بولۇپ قىلىشىغا يول قويماسلىق كېرەك. ئۇلار ئىچىدىكى بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزىدىغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئاممىنى قۇترىتىپ، قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىشىغا كەلسەك، ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ئاساسىدا، ئۇلارنى قەتئىي پاش قىلىش ۋە ئۇلارغا قارشى كۈرەش قىلىش كېرەك. بۇزۇق ئادەملەرنى ئۈزۈل - كېسىل پاش قىلغان ۋە ئۇلارغا زەربە بەرگەندىلا، ئاندىن ئۇلارنى يېتىم قالدۇرۇپ، ئاممىنى تەربىيىلىگىلى بولىدۇ.

پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە ئەھ-

مىيەت بېرىپ، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي
كومىتېتىنىڭ پارتىيە تۈرۈلۈشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى
ئۇقتۇرۇشى» نىڭ روھى بويىچە، پارتىيە ئەزالىرى تەربىيە-
سى خىزمىتىنى كۈچەيتىش، پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدا
ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، پارتىيىنىڭ
ئاساسىي لۇشيەنى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي بىلىمىدىن ئىبارەت
«ئۈچ ئاساسىي» تەربىيىنى ئومۇميۈزلۈك ئېلىپ بېرىش
لازىم، مالىمانچىلىق ۋە توپىلاڭنى سەلبىي دەرسلىك قىلىپ،
ئىجابىي تەربىيىنى ھەر خىل خاتا ئىدىيە، مۇجمەل قاراش-
لارنى تۈزەش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ
كوممۇنىزمغا، سوتسىيالىزمغا بولغان ئىشەنچىسىنى چىڭىتىشقا
ياردەم بېرىش، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك رولىنى جارى قىل-
دۇرۇش، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارت، نەمۇنىلىك رولى
كۆز قارىشىنى كۈچەيتىپ، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن
ئىشلەش ئىدىيىسىنى تىكلەپ، پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە
ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، چىرىتىشنىڭ
ئالدىنى ئېلىپ، ئۆزگىرىپ كېتىشكە تاقابىل تۇرۇپ، سىيا-
سىي مەيدان ۋە سىياسىي يۆنىلىشنى يەنىمۇ توغرىلاپ،
ھەق - ناھەقنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ،
ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇشتا كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ نەمۇنى-
لىك، باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم.

تۆتىنچى، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە پارتىيىنىڭ
مىللىي سىياسەت تەربىيىسىنى، خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق
مىللەتلەر ئايرىلالماسلىقتەك ئىككى ئايرىلالماسلىق تەربىيىسىنى،
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىلىك
ئورۇن بەرپا قىلىش ۋە ئىلغار شەخسلەرنى مەيدانغا كەل-

تۆرۈش پائالىيىتى بىلەن ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى داۋاملىق، كەڭ، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كېرەك. بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي مۇقىملىقى، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ساقلاشتىكى ئاچقۇچ، شۇنداقلا ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى تەشۋىق قىلىشتىكى ئۇزاق مۇددەتلىك ھەم جاپالىق ۋەزىپە.

بۇلتۇر 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى يولداش ۋاڭ ئېنماۋ خوتەن ۋىلايەتلىك 5 - نۆۋەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى بويىچە نام بېرىش - تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە مىللەتلەر خىزمىتىدىكى كۆپ يىلدىن بۇيانقى تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلاپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ھەققىدە ئۈن تۈرلۈك تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ ئۈن تۈرلۈك تەلەپ مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

1. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەر مىللەت خەلقى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن ئىبارەت چوڭ ئائىلىدە زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي ئېغىشماي مېڭىش.

2. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش - سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى.

3. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي باراۋەرلىك، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنى ئورتاق

گوللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت مىللىي خىزمەتنىڭ ئاساسىي فاكچىنى ۋە تۇرلۇك مىللىي سىياسەتلەرنى ئىز-چىل ئىجرا قىلىش.

4. مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى، ئۆز ئارا ياردەم بېرىشىدىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇش.

5. ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، مىللىي سىياسەت ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش.

6. خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمسلىق، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمسلىق، ھەر مىللەت ئۆز ئارا ئايرىلالماسلىق ۋە زىچ ئىتتىپاقلىقنى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەرىكەت مىزانى قىلىش.

7. ھەر مىللەت خەلقى ئۆز ئارا ئىشىنىش، ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىش، بىر بىرىنى قوللاش، ئۆز ئارا ئۆگىنىش، بىر بىرىنى چۈشىنىش.

8. ھەممە ئادەمدە مىللىي ئىتتىپاقلىق ئىدىيىسى بولۇش، ھەممە ئادەم مىللىي سىياسەتنى بىلىش، ھەممە ئادەم مىللىي ئىتتىپاقلىقنى سۆزلەش، ھەممە ئادەم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى جەھەتتە ياخشى ئىش قىلىش.

9. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش، ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئىقتىسادنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇش، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش.

10. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق بولغان ياخشى ئىش، ياخشى ئادەملەر بارلىققا كەلگەندە، ئۇلارنى داغدۇغا بىلەن تەشۋىق قىلىش، تەقدىرلەش؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان يامان ئادەم، يامان

ئىشلار سېزىلگەندە، خۇددى چاشقان كوچىدىن ئۆتسە ئۇر - ئۇرغا ئۇچرىغاندەك ھەممە ئادەم قارشى تۇرۇش.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئون تۇرلۇك تەلەپ ھەم ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىلگىرىكى مىللەتلەر خىزمىتىگە بولغان ئىلمىي يەكۈن، ھەم بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن مىللەتلەر خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىزدىكى يېتەكچى ئىدىيە ۋە تەلەپ. بۇ يىل 5 - ئاي 8-قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى، ھەر دەرىجىلىك تەشۋىقات - ئىدىيە-ۋى خىزمەت تارماقلىرى چوقۇم بۇ 10 تۇرلۇك تەلەپ بويىچە، ھەرمىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىغا ماددىمۇ - ماددا تەربىيە ئېلىپ بېرىشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مۇشۇ 10 تۇرلۇك ئۆلچەمگە ئاساسەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى خىزمىتىنى تەكشۈرۈشى، ئەمەلىيلەشتۇرۇشى، خىزمەتلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تۈگىتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى ئىرىشىپ يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈشى كېرەك.

شىنجاڭغا ئاساسىي خەۋپ «شەرقىي تۈركىستان» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان مىللىي بۆلگۈنچىلەردىن كېلىدۇ. بىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى جەھەتتە ئىجابىي تەربىيە ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ تۇتۇشىمىز كېرەك. ھەرمىللەت كادىرلىرى، پارتىيە ئەزالىرىنى مەيدانى مۇستەھكەم، بايرىقى روشەن ھالدا بۆلگۈنچىلىككە قارشى قەتئىي بوشاشماستىن كۈرەش ئېلىپ بېرىشقا تەربىيىلەش كېرەك. مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ھەرگىزمۇ قايسى بىر مىللەتكە قارشى تۇرۇش

ئەمەس. مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنى تاياق،
توقماق دەپ قاراشقا تېخىمۇ بولمايدۇ، بەلكى ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە، دۆلەتنىڭ تىنچلىقىغا مۇ-
ناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. پەقەت بۆلگۈنچىلىككە قارشى
تۇرۇشتا قەتئىي چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن شىنجاڭنىڭ
سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا، خەلقىنىڭ خاتىرجەم
ياشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ
ئۈچۈن، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر-
نىڭ مىللەت، دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، مىللەت-
لەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىر-
لىكىنى پارچىلايدىغان بارلىق جىنايى ھەرىكەتلىرىنى
قەتئىي پاش قىلىش ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىش كېرەك.
ھەر قايسى جايلار ئىدىئولوگىيە ساھەسىدىكى بولۇپمۇ
گېزىت - ژۇرنال، كىتاب، ئويۇن قويۇشتا كۆرۈلگەن مىل-
لەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ۋەتەننىڭ بىر-
لىكىنى پارچىلاشتەك زىيانلىق مەزمۇنلارنى تولۇق ئېنىق-
لاپ، بىر تەرەپ قىلىشى ھەمدە ئۇنىڭغا قاراتمىلىقى بول-
غان ھالدا رەددىيە بېرىشى، ھەرمىللەت كادىرلىرى ۋە ئام-
مىسىنىڭ ماركسىزملىق نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى،
ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىنچ ئىتتىپاق بولغان سىياسىي
ۋەزىيىتىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىشى ۋە راۋاجلاندۇرۇشى
كېرەك.

بەشىنچى، كۆڭۈل قويۇپ تەييارلىق قىلىپ، پۈتۈن
پارتىيىدىكى كادىرلارنىڭ ماركسىزملىق پەلسەپە ئۆگى-
نىشىنى تىرشىنىپ ياخشى ئېلىپ بېرىش كېرەك.

مۇرەككەپ، جىددىي خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى

ۋەزىيەت، قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش جەريانىدا ئۇزلۇكسىز كېلىپ چىققان نۇرغۇن-لىغان يېڭى ئەھۋاللار، يېڭى مەسىلىلەر بىزنىڭ ھەر دە-رىجىلىك كادىرلىرىمىزدىن، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلىرى-مىزدىن مېڭىنى سەگەك تۇتۇشنى، توغرا سىياسىي يۆنىلىش-تە قەتئىي چىڭ تۇرۇشنى، ۋەزىيەتنى ئىدارە قىلىش ۋە مۇرەككەپ زىددىيەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى-نىڭ بولۇشىنى جىددىي تەلەپ قىلماقتا. بۇلارنىڭ ھەم-مىسى ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ماركسىزملىق نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ۋە سىياسىي ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆس-تۈرۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن رەھبەرلىك ئىقتىدارىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. باش شۇجى جاڭ زېمىن دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەب-رىكلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە مۇنداق دەپ كۆر-سەتتى: «دۇنيادىكى ۋە جۇڭگودىكى نۇرغۇن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى نەزەردە تۇتقاندا، پارتىيىمىزنىڭ جۇڭگودا سوتسىيالىزم قۇرۇشتا ئۇستىگە ئالغان مۇھىم مەسئۇلىيىتىنى ۋە خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىدە تۇتۇ-قان مۇھىم ئورنىنى نەزەرگە ئالغاندا، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىلىرىنى ئۆگىنىشنى ۋە تەتقىق قىلىشنى، زامانىمىزدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىجتىمائىي نەزەرى-يىۋى مەسىلىلەرنى ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىكىدە تەتقىق قىلىش ۋە مۇھاكىمە قىلىشنى جىددىي ۋەزىپە سۈپىتىدە پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئالدىغا قويۇش زۆرۈر بولۇپ قالدى.» ھەمدە يەنە مۇنداق كۆرسەتتى: «نۆۋەتتە بىز ئالدى

بىلەن ماركسىزملىق پەلسەپەنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، دىئا-
لېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ ئاسا-
سىي نۇقتىئىنەزىرى ۋە ئاساسىي ئۇسۇللىرىنى مەسىلەن،
سۇبيېكتىپنىڭ ئوبيېكتىپقا ئۇيغۇن كېلىش نۇقتىئىنەزىرى،
ئەمەلىيەت نۇقتىئىنەزىرى، تارىخ نۇقتىئىنەزىرى، ئومۇمىي
دىئالېكتىكا نۇقتىئىنەزىرى، سىنىپىي تەھلىل نۇقتىئى-
نەزىرى قاتارلىقلارنى ئىگىلەش لازىم.»

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىغا ئاسا-
سەن، ئاپتونوم رايونىمىز كېيىنكى يېرىم يىلدا ئاپتونوم
رايون، ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلەردىكى ھەر دەرىجىلىك
بىۋاسىتە قاراشلىق چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلار،
ئالىي مەكتەپلەر، مەمۇرىي ئورۇنلارنىڭ رەھبىرىي كادىر-
لىرىنى ۋە باشقا كادىرلارنى ماركسىزملىق پەلسەپە ئۆگىنىش-
كە تەشكىللىمەكچى. كۆپ قىسىم كادىرلارنىڭ ماركسىزم-
لىق پەلسەپەنىڭ دەسلەپكى بىلىملىرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى
نەزەردە تۇتۇپ، بۇ قېتىمقى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى
ماركسىزملىق پەلسەپەنىڭ ئاساسىي نۇقتىئىنەزىرىنى ئى-
گىلەش ۋە ئىشلىتىشكە قارىتىش كېرەك، بولۇپمۇ يولداش
ماۋزېدۇڭنىڭ پەلسەپە ئەسەرلىرىنى ياخشى ئۆگىنىش،
يولداش دېڭ شياۋپىڭ قاتارلىق پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارنىڭ
مول پەلسەپە ئىدىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەسەرلىرىنى
ياخشى ئۆگىنىش كېرەك. شۇڭا مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات
بۆلۈمى «كادىرلار ماركسىزملىق پەلسەپە ئۆگىنىشتە ئوقۇ-
لىدىغان كىتابلار» ۋە «ماركسىزملىق پەلسەپە تېزىسى» نى
يېزىپ چىقىپ، بۇ قېتىمقى ئۆگىنىشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى
قىلىپ بېكىتتى. بۇ قېتىمقى ئۆگىنىشتە نەزەرىيە بىلەن

ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىسىل ئەنئەنىدە
چىڭ تۇرۇپ «ئۈچ بىرلەشتۈرۈش»نى يەنى پەلسەپە
ئۆگىنىشنى تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەش، ھازىرقى
خىزمەتتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش بىلەن بىرلەشتۈ-
رۈش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش ۋە
يولداش جاۋزىياڭنىڭ خاتالىقلىرىنى تازىلاش بىلەن بىر-
لەشتۈرۈش، ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشىنى ئۆزگەرتىش بىلەن
بىرلەشتۈرۈشنى ئىرىشىپ ئورۇنلاش كېرەك. ئۆگىنىش ئارقىلىق
بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش يىكىر ئېقىمىنىڭ چىرىتىشىگە تاقابىل-
تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، بيوروكراتلىق ۋەتەجرىبىچى-
لىكنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنى يېڭىپ، خىزمەتتىكى
پرىنسىپاللىق، سىستېمىلىق، ئالدىن كۆرەرلىك ۋە ئىجاتچان-
لىقنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى ئۆس-
تۈرۈش كېرەك.
ھەر دەرىجىلىك تەشۋىقات خىزمىتى تارماقلىرى
«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى،
گوۋۇيۈەنىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى كادىرلارنى
تۆۋەنگە چۈشۈشكە تەشكىللەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»
نى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزىلارغا، زاۋۇتلارغا،
مەكتەپلەرگە چۈشۈپ، ئاساسىي قاتلاملارغا چوڭقۇر چۆكۈپ،
تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، بۇ يىللىق تۈرلۈك تەشۋىقات
خىزمەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ئاپتونوم رايون-
لۇق تەشۋىقات، مەدەنىي ـ مائارىپ سىستېمىسى بىرىنچى
تۈركۈمدە 12 خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى، بۇلار ئا-
ساسلىقى ئالىي مەكتەپلەرگە ۋە ئاخبارات ـ نەشرىيات
ئورۇنلىرىغا، پەن ـ تېخنىكا، سەھىيە، تەنتەربىيە شۇندافلا

دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتـ لام ئورۇنلىرىغا چۈشۈپ تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ خىزمەتلەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكى، نەزەرىيىۋىلىكى ۋە سىياسەتچانلىقىنى ئىرىشىپ ئاشۇرۇشى كېرەك.

بۇلتۇر چاقىرىلغان ئاپتونوم رايونلۇق تەشۋىقات ـ ئىدىيىۋى خىزمەت يىغىنى روھىنىڭ بولۇپمۇ «ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەشۋىقات ئىدىيىۋى ـ خىزـ مەتنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بىرقانچە بەلگىلىمىسى» نىڭ ئىزچىل ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى توغرىسىدا بىرنەچچە قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ھەربىر بەلگىلىمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، ئەمەلىيلىشىشى ۋە ئۈنۈم بېرىشىگە كاـ پالەتلىك قىلىش كېرەك.

ھەر قايسى قاتلاملاردىكى ئىجتىمائىي ـ ئىدىيىۋى ئەھۋالنى ئىگىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش، مەسىلە سېزىلـ گەن ھامان ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىش، قەرەللىك ھالـ دا تەھلىل ـ تەتقىق قىلىپ، تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك.

تەشۋىقات قوشۇنىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تەشۋىقات كادىرلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۇقتىلىق ئۆستۈرۈشى كېرەك. بۇ يىل ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە ئىككى قارار تەشۋىقات كادىرلىرى كىتاب ئوقۇش كۇرسى ئېچىلىدۇ. جايلارنىڭ پائال تۈردە كادىرلارنى تاللاپ ئەۋەتىپ ئۆگىنىشكە قاتناشتۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

قىسقىسى، نۆۋەتتە بىز دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلار كۆپ، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرمۇ ناھايىتى كۆپ. بۇنداق ئەھۋالدا ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان مۇقىملىق، بۇ

نۇقتىنى چوقۇم پۇختا ئىگىلەش كېرەك. بىز ھەم قەتئىي
ھەم سالماق بولىشىمىز، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، مە-
سىلىلەرنى بىر - بىرلەپ ھەل قىلىشىمىز لازىم. نىشانى-
مىز چوقۇم ئېنىق بولۇشى، خىزمەتتە چوقۇم ئېھتىياتچان
بولۇشىمىز، ھەرگىز خىزمىتىمىزدىكى سەۋەنلىكلەر تۈ-
پەيلىدىن ئومۇمىي ۋەزىيەتكە قېيىنچىلىق تۇغدۇرماسلىقى-
مىز كېرەك.

**ۋەزىيەت تەربىيىسى**

# شەرقىي ياۋروپا ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى تەشۋىقاتتا پايدىلىنىش ماتېرىيالى

1989 - يىلى شەرقىي ياۋروپانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە جىددىي ئۆزگىرىش پەيدا بولدى. ئۆزگىرىشنىڭ ماھىيىتى ھەرگىز سوتسىيالىستىك ئىسلاھات ئەمەس، بەلكى كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئىنكار قىلىش، سوتسىيالىزم يولىنى ئىنكار قىلىش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشتىن ئىبارەت. ئۆزگىرىشنىڭ ئاساسىي سەۋەبى ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب كاپىتالىستىك دۆلەتلىرىنىڭ ئۇزاقتىن بېرى «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» ستراتېگىيىسىنى يولغا قويغانلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى گورباچېۋنىڭ «يېڭى تەپەككۇر» ىنىڭ تەسىرى ۋە ئۇ سۇكۇت قىلغان ھەم قوللىغان شەرقىي ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى سىياسىي، ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىدىكى سەۋەنلىكلەر ۋە بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان زىددىيەتلەرنىڭ ئۇزاقتىن بېرى يىغىلىپ ئەۋج ئېلىشى، شۇنىڭدەك بەزى رەھبەرلەرنىڭ چىرىكلىشىپ كېتىشىدىن ئىبارەت. بۇنداق ئۆزگىرىشكە نىسبەتەن، مەيدانىمىزدا چىڭ تۇرۇشىمىز، مەسئۇلىيىتىمىزنى ئېنىق تونۇشىمىز، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشىمىز، يولداش جياڭ زېمىننى يادرو قىلغان

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇ-يۇشۇپ، تىنچ - ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى قوغداش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىشىمىز لازىم.

تۆۋەندە، ئالدى بىلەن شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

## بىرىنچى، شەرقىي ياۋروپادىكى بىر نەچچە دۆلەتتە يۈز بەرگەن ئاساسىي ئۆزگىرىشلەر

**پولشا ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەختكە چىقىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى ۋە پولشا پارتىيىسىنىڭ ھاكىمىيەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشى**

پولشا ۋەزىيىتىدىكى داۋالغۇشنى 1980 - يىل يازدىكى ئىشچىلار دولقۇنىدىن سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ. 1980-يىل 7 -، 8 - ئايلاردا، پولشادىكى نۇرغۇن زاۋۇتلارنىڭ ئىشچىلىرى ھۆكۈمەتنىڭ مال باھاسىنى كۆپلەپ ئۆستۈرگەنلىكى سەۋەبىدىن ئىش تاشلىدى، ئىش تاشلاش تېزدىن پۈتۈن مەملىكەتكە كېڭىيىپ، دائىرىسى كەڭ، زاقتى ئۇزۇن بولغان يازلىق ئىشچىلار دولقۇنى شەكىللەندى. ئىش تاشلاشنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، پولشا ھۆكۈمىتى 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، ئىش تاشلىغۇچىلار بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، ئىش تاشلىغۇچىلارنىڭ پولشا بىرلەشكەن ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىنى ۋە پولشا -

سوۋېت ئىككى دۆلەت ئىتتىپاقىنى ئېتىراپ قىلىش شەرتى ئاستىدا «مۇستەقىل ئاپتونوم ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى» قۇرۇشقا ماقۇل بولدى.

ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ دەسلەپكى ۋاقىتلاردا، دېموكراتىيە، ئىسلاھات ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، بىر مەھەل كەڭ قوللاشقا ئىگە بولدى ۋە ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. لېكىن قۇرۇلۇپ ئىككى ئاي ئۆتمەيلا، كاتولىك دىنىي جەمئىيىتى ۋە ئامېرىكا قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرىنىڭ قوللىشى، كۈشكۈرتىشى ۋە پىلانلىشى بىلەن، ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلىپ، پولشا بىرلەشكەن ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى ئاشكارە ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىش تاشلاشنى تېخىمۇ پائال ئۇيۇشتۇرۇپ هۆكۈمەتتىن هوقۇق تارتىۋېلىش توغرىسىدا جار سالدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، پولشا هۆكۈمىتى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ھەربىي ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇپ، ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ۋاۋېنسانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىرى ۋە تايانچىلىرىنى قولغا ئالدى، ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى جاكالىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋاقىتىنچە يوشۇرۇن ھالەتكە كۆچتى.

ھەربىي ئىدارە قىلىش يولغا قويۇلغان مەزگىلدە، ئامېرىكا قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرى پولشاغا قارىتا ئىقتىسادىي جازالاشنى يولغا قويۇپ، پولشانىڭ خەلق ئىگىلى-

كىنى ئېغىر بېسىمغا ئۇچراتتى. يەلە بىر تەرەپتىن، ئىت-تىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ يوشۇرۇن ھەرىكىتىنى جىد-دىي قوللاپ، ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا مەبلەغ، باس-ما ماشىنىسى ۋە سىمسىز رادىئو ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىقلار-نى ئۈزلۈكسىز يەتكۈزۈپ بەردى ھەمدە ئىتتىپاق ئىشچى-لار ئۇيۇشمىسىنىڭ پولشا ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرغۇنلىغان يەر ئاستى ژۇرنااللارنى چىقىرىشىغا ياردەملەشتى. ئىقتىسا-دىي ۋەزىيەتنىڭ غايەت زور بېسىمى ۋە ئامېرىكىنىڭ يار-دىمىگە بولغان تەشنالىق ئارقىسىدا، پولشا پارتىيىسى ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىلەن مۇرەسسەلىشىش ئار-قىلىق غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي جازاسىنى پەسەي-تىپ، ياردەمگە ئىگە بولۇش قارارىغا كەلدى، شۇنىڭ بى-لەن ۋاۋېنسانى قويۇپ بەردى، ھەربىي ئىدارە قىلىشنى بىكار قىلدى. ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تۇتۇپ تۇرۇلغان پائالىيەتچىلىرىنى ۋە قاماقتىكى بارلىق سىياسىي مەھبۇسلارنى بوشىتىۋەتتى. ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى يېڭىباشتىن باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، دۆلەت ئىقتىسادىي قى-يىنچىلىقتا قالغان پەيتتىن پايدىلىنىپ، كۆپ قېتىم ئىش تاشلاش ئۇيۇشتۇرۇپ، ھۆكۈمەتكە قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپ، پولشا ھۆكۈمىتى بىلەن تىركىشىدىغان كۈچلۈك ئۆكتىچى كۈچ بولۇپ شەكىللەندى.

1988 - يىل 5 - ئاي ۋە 8 - ئايدا، ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى پولشا ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئىس-لاھات سىياسىتىدىكى سەۋەنلىكتىن، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى ۋە ئاممىنىڭ نارازىلىق كەيپىياتىدىن پايدى-لىنىپ، ئىلگىر - كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم مەملىكەت

خاراكتېرلىك چوڭ ئىش تاشلاش قوزغاپ، ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئىش تاشلاش ھەيئىتى تەشكىل قىلدى. پولشا دائىرىلىرى نائىلاج 1988 - يىل 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى ۋاۋېنسا بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئىش تاشلاشنى ئاخىرلاشتۇرۇش ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە كىشىلىرى قاتناشقان دۆگىلەك جوزا يىغىنى چاقىرىش توغرىسىدا پىكىرلەشتى. پولشا بىرلەشكەن ئىشچىلار پارتىيىسى 1989 - يىل 1 - ئايدا مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئومۇمىي يىغىنىنى چاقىرىپ، سىياسىي كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى قارارنى ماقۇللىدى، ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قانۇنىي ئورنىنى ئېتىراپ قىلدى 1989 - يىلى 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى دۆگىلەك جوزا يىغىنى چاقىرىلدى. ئىككى ئايغا يېقىن سودىلىشىش ئارقىلىق، 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى بىر تالاي سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىسلاھات لايىھىسى ئۈستىدە كېلىشتى. ئۆكتىچىلەرنىڭ ھاكىمىيەتكە قاتنىشىشىنا رۇخسەت قىلىندى، زۇڭتۇڭلۇق تۈزۈمىسى تەسىس قىلىندى، ئەركىن سايلام ئارقىلىق كېڭەش پالاتاسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ماقۇللاندى ھەمدە ھازىرقى مىللىي پارلامېنتتىكى ئەزالارنىڭ ئورنى نىسبەت بويىچە تەقسىم قىلىندى. 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە، ئىككى نۆۋەتكە بۆلۈپ پارلامېنت بىلەن كېڭەش پالاتاسى سايلاپ چىقىلدى. سايلام نەتىجىسىدە، بىرلەشكەن ئىشچىلار پارتىيىسى باشچىلىقىدىكى ھاكىمىيەت بېشىدىكى

ئىتتىپاق مەغلۇپ بولۇپ، ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى يادرو قىلغان ئۆكتىچىلەر غەلىبە قازاندى؛

7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، بىر قەپەز ئىلمىشلاردىن كېيىن، پولشا پارتىيىسىنىڭ باش شۇجىسى يارۇزېلسكى ئاۋازنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلىدىغان ئىناۋەتلىك ئاۋازدىن ئاران بىر ئاۋاز ئارتۇق بولۇشتەك ئازراقلا ئۈستۈنلۈك بىلەن پولشانىڭ زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلاندى.

8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، يارۇزېلسكى پولشا پارتىيىسىنىڭ سىياسىي بيۇرو ئەزاسى، سابىق ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى كىسچاكنى زۇڭلىلىققا كۆرسەتتى. بۇنى پارلامېنت كۆپ ئاۋاز بىلەن ماقۇللىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ۋاۋېنسانىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ۋاۋېنسانىڭ قۇترىتىشى بىلەن، پولشا پارتىيىسىنىڭ ئىككى دوست پارتىيىسى — بىرلەشكەن دېھقانلار پارتىيىسى بىلەن دېموكراتىيە پارتىيىسى «قارشى تەرەپكە ئۆتۈپ»، ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى ئاساس قىلغان بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇشنى قوللايدىغانلىقىنى جاكالىدى، شۇنىڭ بىلەن كىسچاك «چوڭ بىرلەشمە ھۆكۈمىتى» ئۇزاققىچە تەشكىل قىلالمىغاي، نائىلاج ئىستېپا بەردى. يارۇزېلسكى 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى، ۋاۋېنسانىڭ يېقىن دوستى مازوۋېتسكىنى زۇڭلىلىققا كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولدى. 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، پولشانىڭ يېڭى زۇڭلىسى مازوۋېتسكى ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ھۆكۈمەت يېڭى كابىنېتىنى تەشكىل قىلدى. پولشا بىرلەشكەن ئىشچىلار پارتىيىسى زۇڭلىنىڭ تاشايىندىكى 23 ئەزاسى ئىچىدە ئاران تۆت ئەزاغا ئىگە بولدى.

ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەختكە چىقىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، پولشا جەمئىيىتىدىكى ترىلىش، چېكىنىش ھادىسىلىرى ئىنتايىن ئېغىر بولدى: ئىقتىسادىي جەھەتتە، پولشا بۇرژۇئا جۇمھۇرىيىتى يۈرگۈزگەن خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە ئەركىن بازار ئىگىلىكى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، كاپىتالىزم تۈزۈمى ھەددەپ يولغا قويۇلدى؛ سىياسىي جەھەتتە، كونا جەمئىيەتتىكى بەزى كۈچلەر قايتىدىن تىرىلىپ، كۆڭچەندائىغا قارشى تۈرۈش رەسىم بولۇپ قالدى، ھەتتا «پولشا خەلق جۇمھۇرىيىتى» دېگەن نام «پولشا جۇمھۇرىيىتى» دەپ ئۆزگەرتىلدى، دۆلەت گېربىدىكى ئاق بۈركۈت تاج كىيگەن ئاق بۈركۈتكە ئۆزگەرتىلدى، دېمەك ئازادلىقتىن بۇرۇنقى دۆلەت نامى ۋە دۆلەت گېربى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

ھازىر، پولشا پارتىيىسى ئىچىدە ئىدىيە قالايمىقانلاشقان، تەشكىل چېچىلاڭغۇلاشقان، ئىختىلاپ كۈچەيگەن. بۇ يىل چاقىرىلىدىغان 11 - قۇرۇلتايدا پارتىيىنىڭ نامىنى ئۆزگەرتىش قارار قىلىندى، شۇنداقلا پارتىيە پروگراممىسى، پارتىيە نىزامنامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش، پارتىيىنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىش، «دېموكراتىك سوتسىيالىزم» يولىغا مېڭىش قارار قىلىندى.

**ۋېنگرىيە «دېموكراتىك سوتسىيالىزم» غا ئېغىپ كەتتى**

ۋېنگرىيە سوتسىيالىستىك ئىشچىلار پارتىيىسى 1988 - يىلى 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى چاقىردى. يىغىندا، سابىق بۇداپېشت پارتىيە رەھ-

بىرىي گروس پارتىيىنىڭ باش شۇجىلىقىغا سايلىنىپ، بۇ ۋەزىپىنى 32 يىل ئۆتىگەن كادىرىنىڭ ئورنىنى ئالدى. بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغان پىرىگاي ئىمرىلى، نىرىش لىرى، نېمېت مىكروس قاتارلىق كىشىلەر سىياسىي بيۇروغا كىردى ھەمدە يىغىندا سىياسىي كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش، دېموكراتىيىلەشتۈرۈش، ئىگىلىكنى بازارلاشتۇرۇش قاتارلىق تەشەببۇسلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى، شۇنىڭ بىلەن پارتىيە ئىچىدە ئىنتايىن زور ئىدىيىۋى قالايمىقانچىلىق پەيدا بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ۋېنگرىيە ۋەزىيىتى تېزدىن ئۆزگەردى، بۇ ئاساسەن تۆۋەندىكى بىر نەچچە جەھەتتە ئىپادىلەندى:

1. غەيرىي سوتسىيالىزم دۇنياسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تېزدىن ئەۋج ئالدى. 1988 - يىلى 7 - ئايدا، گروس ۋېنگرىيە رەھبىرىي بولۇش سۈپىتى بىلەن تۇنجى قېتىم ئامېرىكىنى زىيارەت قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، جەنۇبىي چاۋشيەن، ئىسرائىلىيە بىلەن ئومۇميۈزلۈك دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى، ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى بىلەن كېلىشىم ئىمزالىدى. 1989 - يىلى 5 - ئايدا، ۋېنگرىيە يەنە ئاۋستىرىيە - ۋېنگرىيە چېگرىسىدىكى سىم تورلارنى ئېلىۋېتىپ، چېگرىنى ئېچىۋېتىشنى قارار قىلدى.

2. 1956 - يىلدىكى ۋېنگرىيە ۋەقەسىگە يېڭىباشتىن باھا بېرىپ، ناگىنى ئاقلىدى. 1989 - يىلى 1 - ئايدا، ۋېنگرىيە پارتىيىسى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، دۆلەت مۇداپىئەسى مىنىستىرى پىرىگاي رادىئو ئىستانسىسى مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا سۆز قىلىپ، 1956 - يىلى يۈز بەرگەن ۋەقەنى «خەلق قوزغىلىڭى» دەپ، ۋېنگرىيە

پارتىيىسى 1956 - يىلدىكى ۋەقە «ئەكسىلئىنقىلابىي ۋەقە»، «ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ» دەپ بېكىتكەن خاراكتېرنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئاغدۇرۇۋەتتى. شۇ چاغدا ۋېنگرىيە پارتىيىسىنىڭ باش شۇجىسى گروس ۋە ھۆكۈمەت زۇڭلىسى نېمېت ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنى تەنقىد قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئېنىق ئىنكار قىلمىدى. شۇ يىلى 2 - ئايدا، ۋېنگرىيە پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىنى چاقىرىپ، 1956 - يىلى 10 - ئايدىكى ۋەقەنى «باشتا خەلق قوزغىلىڭى ئىدى، كېيىن ئەكسىلئىنقىلابىي ئامىل ئارىلىشىپ قالدى» دېگەن كېلىشتۈرمە قارارنى چىقاردى. ئومۇمىي يىغىندا، پىرىنگاي ۋەكىللىك قىلغان بۇرژۇئا ئەركىنچىلىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، ۋېنگرىيە پارتىيىسىدىكى ئاساسىي ئېقىم بولۇپ قالدى. 5 - ئايدا، ۋېنگرىيە پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋېنگرىيە ۋەقەسىدىكى ئاساسىي ئەرباب، ئۆلتۈرۈلگەن سابىق زۇڭلى ناگى ئىمرىنى يېڭىباشتىن دەپنە قىلىشنى قارار قىلدى. 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، ۋېنگرىيە ھۆكۈمىتى ناگى ئۈچۈن يېڭىباشتىن دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

3. سىياسىي كۆپ مەنبەلەشتۈرۈشتىن ئۆتۈپ كۆپ پارتىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش تەشەببۇس قىلىندى. 1988 - يىلى 5 - ئايدا، ۋېنگرىيە پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدا، پىرىنگاي قاتارلىق كىشىلەر سىياسىي كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى ھەمدە پرىنسىپال قارار ماقۇللاندى، ئۇنىڭدا پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى سوتسىيالىستىك كۆپ مەنبەلەشتۈرۈشنى بەرپا قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ يىغىندا كادىر خىزمىتىدىن ئىستېپا

بەردى. 5 - ئايدىكى يىغىندىن كېيىن، ۋېنگرىيىدە تۆرلۈك يىغىلىق يارىتىش قاراشلىرى كەينى - كەينىدىن ئوتتۇرىغا چىقتى، خىلمۇ خىل پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە سىياسىي تەشكىلاتلار ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى، 1989 - يىلى 2 - ئايدا، ۋېنگرىيە پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىنى چاقىرىپ كۆپ پارتىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. 4 - ئايدا ۋېنگرىيە «دېموكراتىيە مۇنبىرى»، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى، مۇستەقىل ئۇششاق دېھقانلار پارتىيىسى قاتارلىق سەككىز ئۆكتىچى تەشكىلات بىرلەشمە ھەرىكەت ئۇيۇشتۇرۇپ، «ئۆكتىچىلەر دۈگلەك جوزا يىغىنى»نى تەشكىل قىلىپ، ۋېنگرىيە پارتىيىسى بىلەن قارشىلاشتى. 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، ۋېنگرىيە پارتىيىسى ئۆكتىچىلەر بىلەن كۆپ پارتىيە تۈزۈمى مەسىلىسى ئۈستىدە سۆھبەتلەشتى، ئىككى ئايدىن ئارتۇق جىددىي تالاش - تارتىش قىلىش ئارقىلىق، 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى كېلىشىم ھاسىل قىلىندى، ۋېنگرىيە پارتىيىسى ئۆكتىچىلەرنىڭ تەشەببۇسىنى قوبۇل قىلدى، جۈملىدىن ھەممىلا ئورۇندا ھەر بىر پارتىيىنىڭ تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇۋېرىمەسلىك، ھەر دەرىجىلىك سوتلار، دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئاپپاراتلىرى باشقا خىزمەت ئورۇنلىرى ۋە قوراللىق كۈچلەردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئوخشاش بولمىغان ۋاقىت چېكى ئىچىدە پائالىيىتىنى توختىتىش، ئەدلىيىنىڭ مۇستەقىللىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھەرقانداق سوتچى ھەرقانداق پارتىيىگە قاتناشماسلىق دېگەن تەشەببۇسلارنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۆكتىچى تەشكىلاتلار پارلامېنتقا ئەزا تولۇقلاش سايلىمىدا ئۇدا تۆت قېتىم ۋېنگرىيە

پارتىيىسىنى يېڭىپ غەلىبە قازاندى.

4. پارتىيىنىڭ نامىنى ئۆزگەرتتى. 1989 - يىلى 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ۋېنگرىيە پارتىيىسى 14 - قۇرۇلتىيىنى چاقىردى، يىغىندا گۇرۇس باشچىلىقىدىكى بىر گۇرۇھ بىلەن پىرىگاي، نېيمېت باشچىلىقىدىكى يەنە بىر گۇرۇھ بىر - بىرى بىلەن قارشىلاشتى، كېيىنكى گۇرۇھ ۋېنگرىيە پارتىيىسىنىڭ ماركسىزمدىن ۋاز كېچىپ، غەرب سوتسىيالىستلار پارتىيىسىگە بۇرۇلۇشىنى تەلەپ قىلدى. 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، يىغىن مۇتلەق كۆپ ئاۋازنىڭ قوۋۋەتلىشى بىلەن، ۋېنگرىيە سوتسىيالىستىك ئىشچىلار پارتىيىسىنى «ۋېنگرىيە سوتسىيالىستلار پارتىيىسى»گە ئۆزگەرتىش توغرىسىدا قارار ماقۇللىدى. يىغىن يېڭى پارتىيە پروگراممىسى ۋە پارتىيە نىزامنامىسىنى ماقۇللاپ، پارتىيىنىڭ خاراكتېرىنى «ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىنقىلابىي ئاۋانگارت قوشۇنى ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ پارتىيىسى» دېگەندىن «ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ تاپاۋەت تاپقۇچىلار، ئۇششاق تىجارەتچىلەر، ۋېنگر مىللىتى ۋە باشقا مىللەت قېرىنداشلارنىڭ پارتىيىسى» دەپ ئۆزگەرتتى؛ پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنى «ماركسىزم - لېنىنىزم، پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىئونالىزمى ۋە ئىشچىلار سىنىپى ھەم ئەمگەكچى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسى» دېگەندىن «ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى — ئىنسانپەرۋەرلىك، ئەركىنلىك، دېموكراتىيە، ماركسىزملىق سىياسىي تەشكىلاتنى شەرتسىز قوبۇل قىلىش» دەپ ئۆزگەرتتى؛ پارتىيىنىڭ كۈرەش نىشانىنى «كوممۇنىزم جەمئىيىتىنى بەرپا قىلىش» دېگەندىن «دېموكراتىك سوتسىيالىزم» دەپ ئۆزگەرتتى. يېڭىدىن ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان

سوتسىيالىستلار پارتىيىسىگە ئېرىش رەئىس بولدى. 14 - قۇرۇلتايدىن كېيىن، سوتسىيالىستلار پارتىيىسى سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تېزلەتتى. 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ۋېنگرىيە پارلامېنتى ئاساسىي قانۇنىنىڭ تۈزىتىلگەن لايىھەسىنى ماقۇللاپ، ۋېنگرىيە پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىك رولىغا ئائىت بارلىق سۆزلەرنى چىقىرىپ تاشلىدى، بۇ ھال ۋېنگرىيە پارتىيىسىنىڭ قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە رەھبەرلىك ئورنىغا ئىنتىلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ؛ پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنى ئايرىشنى، ھەرقانداق پارتىيىنىڭ دۆلەت ئورگانلىرىغا قوماندانلىق قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقىنى ئېنىق بەلگىلىدى؛ پارلامېنت دېموكراتىيىسىنى يولغا قويۇپ، كۆپ پارتىيە تۈزۈمى ئۈچۈن قانۇنىي ئاساس تۇرۇپ بەردى. 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ۋېنگرىيە دۆلەت نامىنى رەسمىي ئۆزگەرتتى. بۇ بىر قاتار زور ئۆزگىرىشلەر ۋېنگرىيە پارتىيىسىنىڭ 41 يىل داۋام قىلغان پرولېتارىيات پارتىيىسى سۈپىتىدىكى ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئورنىدا تۈپ ئۆزگىرىش بولغانلىقىتىن دېرەك بېرىدۇ.

## داۋالغۇش ئىچىدىكى دېموكراتىك گېرمانىيە

دېموكراتىك گېرمانىيىنىڭ ۋەزىيىتى ئاساسەن پولشا، ۋېنگرىيە ۋەزىيىتىنىڭ تەسىرى ۋە غەرب دۆلەتلىرىنىڭ قۇترىتىشى تۈپەيلىدىن ئۆزگەردى. بۇنىڭدا ۋېنگرىيىنىڭ 1989 - يىلى 5 - ئايدا ئاۋستىرىيە — ۋېنگرىيە چېگرىسىنى ئېچىۋېتىدىغانلىقى بىۋاسىتە سەۋەب بولدى. زور تۈركۈمدىكى شەرقىي گېرمانىيە پۇقرالىرى ئاۋستىرىيە — ۋېنگرىيە چېگرىسىنىڭ

ئىچىۋېتىلگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ قانۇنسىز ھالدا ئاۋستىرىيىگە ئۆتۈپ، ئاندىن غەربىي گېرمانىيىگە بېرىپ ئولتۇراقلاشتى، ئىلگىر - كېيىن بولۇپ 200 مىڭدىن ئارتۇق كىشى قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھازىرقى ئەھۋالدىن نارازى بولۇۋاتقان بەزى كىشىلەر نامايىش قىلىش توغرىسىدا غۇلغۇلا قىلىشتى. «يېڭى مۇنبەر»، «دېموكراتىك يېڭىلىق يارتىيىسى» قاتارلىق يېڭى ئۆكتىچى تەشكىلاتلار بارلىققا كېلىشكە باشلىدى، دىنىي جەمئىيەتلەرمۇ سىياسىي جەھەتتە كۆپ مەنبەلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇشنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى بىر نەچچە مىڭ كىشى جەنۇب تەرەپتىكى لېيپسىگ شەھىرىدە نامايىش ئۆتكۈزۈپ، سىياسىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى ۋە تېخىمۇ كۆپ ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇشنى تەلەپ قىلدى. ۋەقەنىڭ تەرەققىي قىلىپ كېتىشىنى توسۇش ئۈچۈن دېموكراتىك گېرمانىيە دائىرىلىرى بەزى قاتتىق تەدبىرلەرنى قوللاندى: چېخوسلوۋاكىيە بىلەن بولغان چېگرىسىنى، شەرقىي بېرلىن بىلەن غەربىي بېرلىن ئوتتۇرىسىدىكى يولنى تاقاپ، پۇقرالارنىڭ سىرتقا ئېقىپ كېتىشىنىڭ ۋە دۆلەت بايرىمى مەزگىلىدە جېدەل تېرىيدىغان بەزى كىشىلەرنىڭ چېگرىدىن كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، غەربىي گېرمانىيە ۋە غەربىي بېرلىن تەرەپ بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، دېموكراتىك گېرمانىيە دائىرىلىرىگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ، بېسىم ئىشلەتتى.

10 - ئاينىڭ 6 -، 7 - كۈنلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبىرىي گورباچېۋ دېموكراتىك گېرمانىيە دۆلەت بايرىمى

نىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى. بۇ مەزگىلدە پايتەخت بېرلىن ۋە پوتسىدامدىن تارتىپ، غەربتىكى ماگدېبۇرگ، جەنۇبتىكى لېيپسىگ، شەرقىي جەنۇبتىكى درېزدىن ۋە غەربىي جەنۇبتىكى كارل ماركس شەھەرلىرىنىڭ ھەممىسىدە كەڭ كۆلەمدىكى نامايىش پارتلىدى. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى قاتتىق تەدبىر قوللىنىپ، نامايىشچىلار قوشۇنىنى تارقىتىۋەتتى. لېكىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن نامايىش قايتىدىن پارتلىدى ھەمدە كېڭىيىشكە فاراپ ماڭدى، بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، دېموكراتىك گېرمانىيە بىرلەشكەن سوتسىيالىستلار پارتىيىسى مەركىزىي سىياسىي بيۇروسى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئىككى كۈنلۈك جىددىي كېڭەيتىلگەن يىغىن ئېچىپ، سىياسىي بيۇرونىڭ باياناتىنى ئېلان قىلىپ، كىشىلەرگە دۆلەت ۋە خەلققە مەسئۇل بولغان ھالدا ئاقلانىلىق بىلەن ھەرىكەت قوللىنىشنى مۇراجىئەت قىلدى ھەمدە خىزمەتتە مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئىشىنىش ئاساسىدا خەلق بىلەن ئەستايىدىل، ئاقلانىلىق بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى، مەسىلىنى ھەل قىلىش چارىسىنى خەلق بىلەن بىرلىكتە تاپىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ باياناتتا پوزىتسىيە سەممىي بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش مەقسىتىگە يېتەلمىدى. جىددىي ۋەزىيەت ئالدىدا، دېموكراتىك گېرمانىيە پارتىيىسى 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 9 - ئومۇمىي يىغىنىنى ئاچتى، پارتىيىنىڭ باش شۇجىسى ئانناك خىزمىتىدىن ئىستېپا بەردى. كىلونتېس ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋالدى.

كىلونتېس تەختكە چىقىپلا، 1989 - يىلى 11 - ئاي-
نىڭ 19 - كۈنى؛
غەربىي گېرمانىيە ۋە غەربىي بېرلىنگە بارىدىغان
ھەممە چېگرىنى ئېچىۋېتىش، بارلىق چەكلىمىلەرنى بىكار
قىلىش، دېموكراتىك گېرمانىيە پۇقرالىرىنىڭ پاسپورت ياكى
سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى بىلەن غەربىي گېرمانىيە، غەربىي
بېرلىن ياكى باشقا غەرب ئەللىرىگە ئەركىن بېرىشىغا يول
قويۇش دېگەن دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن قارارنى
چىقاردى. دۆلەت ئىچىدىكى ۋەزىيەت بىردىنلا ئۆزگەرگەن
پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆكتىچىلەرمۇ دېموكراتىك گېرما-
نىيە پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىك ئورنى ۋە سوتسىيالىزم تۈ-
زۈمىگە قارىتا بارغانسېرى ئاشكارا ئۇرۇش ئېلان قىلدى.
ئۇلار ئاساسىي قانۇندىكى دېموكراتىك گېرمانىيە پارتى-
يىسىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىنى تىكلەيدىغان ماددىلارنى ئۆز-
گەرتىپ، ئەركىن سايلامغا كاپالەتلىك قىلىدىغان يېڭى
سايلام ئۇسۇلىنى بەلگىلەشنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭغا قارىتا
كىلونتېس سۈكۈت قىلىش، ھەتتا رايىغا بېقىش پوزىتسى-
يىسىنى قوللاندى. 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى دېموكراتىك
گېرمانىيە پارلامېنتى ئاساسىي قانۇندىكى پارتىيىنىڭ رەھ-
بەرلىك رولى توغرىسىدىكى ماددىنى بىكار قىلىپ، ئۆكتىچى-
لەرگە ئىنتايىن زور دەرىجىدە يول قويدى.
شۇنداق قىلىپمۇ، ئۆكتىچىلەر يەنىلا قەدەممۇ - قەدەم
قىستاۋەردى. ئىككى ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە سىياسىي
بيۇرو ئىككى قېتىم كوللېكتىپ ئىستىپا بەردى. 1989 -
يىل 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى مەركىزىي كومىتېتمۇ كوللېك-
تىپ ئىستىپا بەردى.

مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كوللېكتىپ ئىستېپا بېرىشى بىلەن كېلىپ چىققان سىياسىي كرىزىسنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 1989 - يىل 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى دېموكراتىك گېرمانىيە پارتىيىسى پەۋقۇلئاددە قۇرۇلتاي چاقىرىپ، ۋاقىتلىق ئىجرائىيە ھەيئىتى تەشكىللىدى، گىرىگور جىسنى پارتىينىڭ رەئىسى قىلىپ سايلاپ چىقتى (بۇ كىشى ئىلگىرى سوتقا تارتىلغان ئۆكتىچىلەرگە ئاقلىغۇچى ئادۋوكات بولغان، بۇ يىل 41 ياشتا) ھەمدە پارتىيىنىڭ ئىسمىنى ۋاقىتنىچە «گېرمانىيە بىرلەشكەن سوتسىيالىستلار پارتىيىسى — دېموكراتىك سوتسىيالىزم پارتىيىسى» دەپ ئۆزگەرتىشنى بەلگىلىدى. يىغىندا يەنە ۋاقىتلىق پارتىيە پروگراممىسى ماقۇللاندى، «ئىنسانىي، دېموكراتىك» سوتسىيالىزم قۇرۇش، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھەرىكەت قوللىنىپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش تەلەپ قىلىندى. جىسى ئىسلاھاتنىڭ مەقسىتى دېموكراتىك سوتسىيالىزم قۇرۇش، كۆپ پارتىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش دېدى. ئاننىك ۋە ئىلگىرىكى بەزى رەھبەرلەر پارتىيىدىن چىقىرىۋېتىلدى ھەمدە نەزەربەنت قىلىندى ۋە قولغا ئېلىندى. ھازىر، دېموكراتىك گېرمانىيە جەمئىيىتىدىكى داۋالغۇش تېخى راۋاجلىنىۋاتىدۇ، بەزى يېڭى ناتىستچى ئۇيۇشمىلارنىڭ ھەرىكىتىمۇ ناھايىتى غالجىرلىشىپ كەتتى، پۈتكۈل جەمئىيەت ئېغىر ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى.

## بۇلغارىيىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى مۇقىملىقتىن
## مالىمانچىلىققا قاراپ ماڭدى

شەرقىي ياۋروپا ۋەزىيىتىدىكى داۋالغۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، بۇلغارىيىنىڭ ۋەزىيىتى بىر قەدەر مۇقىم ئىدى. بۇلغارىيە دۆلەت ئىچىدە ئۆكتىچىلەرنىڭ بولۇشىغا يول قويمايتتى، پولشا، ۋېنگرىيىلەرنىڭ كۆپ پارتىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشىنى ئىچكى قىسىمدا قوللىمايتتى (ئاشكارە باھا بەرمىگەن). 1989 - يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، مىللىي سىياسەتتىكى سەۋەنلىكلەر تۈپەيلىدىن، بۇلغارىيىدە 300 مىڭ تۈرك چەت ئەلگە چىقىپ كېتىش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، بولغارىيىنىڭ ئىقتىسادىغا ناھايىتى زور زىيان سالدى زىرائەتلەرنى يىغىۋالىدىغان كىشى قالمىدى، بەزى زاۋۇت لارنىڭ مەھسۇلاتى كېمىيىپ كەتتى، بەزىلىرى توختاپ قالدى، بازارلاردىكى نۇرغۇن تاۋارلارنى چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن تۈركلەر بۇلاپ - تالاپ سېتىۋېلىپ تۈگەتتى. بولغارىيە ھۆكۈمىتى بىر قاتار تولۇقلاش تەدبىرلىرىنى قوللانغان بولسىمۇ، لېكىن قىيىنچىلىق ۋەزىيىتى يەنىلا تۈپتىن ياخشىلانمىدى. شەرقىي ياۋروپا ۋەزىيىتىنىڭ يەنىمۇ يامانلىشىشىغا ئەگىشىپ، بولغارىيىمۇ داۋالغۇش قاينىمىغا كىرىشكە باشلىدى. 10 - ئاي بىلەن 11 - ئاي ئارىلىقىدا، جەمئىيەتتە مالىمانچىلىق يۈز بەردى، ئىزچىل بىرلا خىل بولۇپ كەلگەن بولغارىيىنىڭ سىياسىي مۇنبىرىدە «ئېكولوگىيە ئاشكارىلىقى تەشكىلاتى»، «كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ئىتتىپاقى» قاتارلىق ئۇخشاش بولمىغان سىياسىي

كۆز قاراشتىكى بىر تۈركۈم تەشكىلاتلار مەيدانغا كەلدى. 1989 - يىل 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى بۇلغارىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىنى ئاچتى، ژىۋكوۋ ئىستىپا بەردى، مىلادىنوۋ ئۇنىڭ خىزمىتىنى ئۆتكۈزىۋالدى.

مىلادىنوۋ تەختكە چىققاندىن كېيىن بىر تۈركۈم «ئىسلاھات پائالىيەتچىلىرى» نىڭ پارتىيىۋىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلىش، «ئېكولوگىيە ئاشكارىلىقى تەشكىلاتى» نى تىزىمغا ئېلىش، گورباچېۋقا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىسلاھات جەريانىدىكى تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىش مەقسىدە تېلېگىراما ئەۋەتىش قاتارلىق بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللاندى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۆكتىچى تەشكىلاتلارنىڭ ھەرىكەتلىرى ۋە ئاممىنىڭ نامايىشى يەنىلا ئارقا - ئارقىدىن يۈز بېرىۋەردى. 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى بۇلغارىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى يەنە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پەۋقۇلئاددە-ئومۇمىي يىغىنىنى ئېچىپ، ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى، ئاساسىي قانۇندىكى بۇلغارىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىك رولى توغرىسىدىكى ماددىنى ئېلىۋېتىشنى، ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشنى، ئومۇمىي كەچۈرۈمنى يولغا قويۇشنى، 1990 - يىل 6 - ئايدا ئەركىن سايلام ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلۇشنى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە دېھقانلار ئىتتىپاقىنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا يول قويۇشنى قارار قىلدى. ژىۋكوۋ پارتىيىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. يەنە ژىۋكوۋ مەسىلىسىنى تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇلدى.

يىقىندا ئۆكتىچىلەر ئۈزلۈكسىز يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، بۇلغارىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ

شۇنىڭدەك ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ۋە خەلق پارلا-
مېنتى، ھۆكۈمەتنىڭ ئىستېپا بېرىشىنى تەلەپ قىلدى،
بۇلغارىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كارخانا ۋە سىيا-
سىي قانۇن، ئىچكى ئىشلار تارماقلىرىدىكى تەشكىلاتلىرىنى
تارقىتىۋېتىشنى، خەلق ئارمىيىسى باش سىياسىي بۆلۈمىنى
تارقىتىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. بۇلغارىيە كوممۇنىستىك پار-
تىيىسىمۇ چوڭ ئاممىۋى يىغىلىشلارنى تەشكىللەپ، يېڭى
رەھبەرلىكنى، يېڭى ھۆكۈمەتنى قوللىدى. ھەر-
قايسى گۇرۇھلار سىياسىي كۈچ جەھەتتە
تېخىمۇ كۈچ سىنىشىۋاتىدۇ. يېقىندا، ژىۋكوۋ زامانىدىن
قېپقالغان كېئورگى ئاتاناسىۋ زۇڭلى ئۆزى كونترول قىلى-
غان كابىنېت بىلەن بىرلىكتە ئىستېپا بەردى.

## چېخوسلوۋاكىيە ۋەزىيىتىدىكى جىددىي ئۆزگىرىش

پولشا، ۋېنگرىيە، دېموكراتىك گېرمانىيە، بۇلغارىيە
قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ۋەزىيىتىدە ئىلگىرى - كېيىن جىددىي
ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەندىن كېيىن، 1989 - يىلى 11 -
ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن تارتىپ، چېخوسلوۋاكىيە پايتەختى
پراگا ۋە باشقا نۇرغۇن شەھەرلەردىمۇ ھۆكۈمەتكە قارشى
كەڭ كۆلەملىك نامايىش پارتلاپ، 1968 - يىلدىكى ۋە-
قەنى ئاقلاپ بېرىشنى يەنە بىر قېتىم تەلەپ قىلدى، يا-
كېشنىڭ ئىستېپا بېرىشنى تەلەپ قىلدى. 11 - ئاينىڭ
21 - كۈنى ھۆكۈمەت زۇڭلىسى ئادامېس ئۆكتىچىلەر رەھ-
بەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قوبۇل
قىلىپ، ئۇلاردىن قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى توختىتىشنى

تەلەپ قىلدى ۋە سوتسىيالىزمنى ساقلاش شەرتى ئاستىدا
ئوكتىچىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن
ئۇنۇمى چوڭ بولمىدى، قارشىلىق ھەرىكەتلىرى تىنچىمىدى.
11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، چېخوسلوۋاكىيە كوممۇنىستىك
پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىنى چا-
قىردى، باش شۇجى ياكېشى شۇنداقلا ھەيئەت رىياسەت
ۋە شۇجىچۇ كوللېكتىپ ئىستىپا بەردى، كالېر ئورباننىڭ
پارتىيىنىڭ يېڭى باش شۇجىسى قىلىپ سايلاندى. چېخ
كومپارتىيىسى ئۆكتىچى تەشكىلات «پۇقرالار مۇنبىرى»
ئوتتۇرىغا قويغان ئاساسىي قانۇندىكى پارتىيىنىڭ رەھبەر-
لىك رولى توغرىسىدىكى ماددىنى بىكار قىلىش، ھۆكۈمەت-
نى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، ئەركىن سايلام ئۆتكۈزۈش،
ئۆكتىچىلەرنىڭ قانۇنىي ئورنىنى ئېتىراپ قىلىش، 1968 -
يىلدىكى ۋەقەنى ئاقلاپ بېرىش قاتارلىق تەلەپلىرىگە
ماقۇل بولۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆكتى-
چىلەرنىڭ ھەرىكىتى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.
بېسىم ئاستىدا، چېخ كومپارتىيىسى زور دەرىجىدە يول
قويدى. 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ھۆكۈمەت نائىلاج يەنە
بىر قېتىم ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى، ئوكتىچىلەر ۋە ئۇلار-
نىڭ قوللىغۇچىلىرى يېڭى ھۆكۈمەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلى-
دى. 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، چېخ پارتىيىسى پەۋقۇل-
ئاددە - پارتىيە ۋەكىللەر يىغىنى چاقىردى، يىغىندا باش
شۇجى ئورباننىڭ ئىستىپا بەردى، سابىق زۇڭلى ئادامېس
پارتىيە رەئىسى بولدى، نۇرغۇن قېتىم نامايىشلارغا قاتناش-
قان، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قارشىلىق ھەرىكىتىنىڭ
قوماندانى بولغان موخورىتا بىرىنچى شۇجى بولدى. 12 -

ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئۆكتىچى تەشكىلات «7 ـ ئىيۇل خارتىيىسى» نىڭ رەھبىرى، دراما تورگ خاۋېر زۇڭتۇڭ بولۇپ سايلىنىپ، 1948 ـ يىلدىن بۇيانقى تۇنجى غەيرى كوممۇنىست دۆلەت رەھبىرى بولۇپ قالدى. يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان ھۆكۈمەتتە ئۆكتىچىلەر ۋە ئۇلارنى قوللىغۇچىلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ئارمىيە، جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوت، ھۆكۈمەت، زۇڭتۇڭ بەنگۇڭتىڭى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى چېخ كومپارتىيىسى تەشكىلاتلىرى پۈتۈنلەي ھەرىكىتىنى توختاتتى.

## رۇمىنىيە: بىر دەۋرنىڭ ئاياقلىشىشى

شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ئىچىدە، رۇمىنىيە ئىسلاھاتقا ئىنچىل تۇردە ئېنىق قارشى تۇرۇپ كەلگەنىدى. رۇمىنىيە كومپارتىيىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا، چېئوسېسكۇ 1965 - يىلى تەختكە چىققاندىن بۇيان، چوڭ ھوقۇقنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىپ، قەبىلە ھۆكۈمرانلىقى بىلەن شۇغۇللاندى، شەخسكە چوقۇنۇش بارغانسېرى ئەدەپ كەتتى، ئىقتىسادىي جەھەتتە، 1989 - يىل 3 - ئايدا تاشقى قەرز پۈتۈنلەي تۆلىنىپ بولدى دەپ ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئىقتىسادىي ئەھۋالدا ياخشىلىنىش كۆرۈلمىدى، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا ھېچقانداق ياخشىلىنىش بولمىدى، بازارلاردا دېھقانچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى كەمچىل بولدى.

1989 ـ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا شەرقىي ياۋروپا

ۋەزىيەتنى جىددىي ئۆزگەردى، رۇمىنىيە پولشادا ئىنتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھۆكۈمەت تەشكىللىگەنلىكى، ۋېنگرىيىدە كۆپ پارتىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلغانلىقى، دېموكراتىك گېرمانىيە، بۇلغارىيە، چېخوسلوۋاكىيىلەردە يېشقەدەم رەھبەرلەرنى يۆتكىۋەتكەنلىكىگە ئوخشاش بىر قاتار ۋەقەلەرگە ئېنىق قارشىلىقىنى بىلدۈردى. ئىچكى ۋەزىيەتنى تا 12 - ئايغىچە مۇقىم بولۇپ كەلدى. 12 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، چېئوسېسكۇ ئىرانغا زىيارەتكە چىقىپ كەلگەندە، غەربىي تىكى شەھەر تىمىشوئارادا ئاما بىلەن ئارمىيە - ساقچىلار توقۇنۇشۇپ قېلىش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، بىرمۇنچە كىشىلەر ئۆلدى، يارىدار بولدى. 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئەمدىلا زىيارەتتىن قايتىپ كەلگەن چېئوسېسكۇ تېلېۋىزىيە سۆزى ئېلان قىلىپ، مەزكۇر رايوندا جىددىي ھالەت يۈرگۈزۈشنى جاكارلىدى. 21 - كۈنى، بۇخارېستتا ئاممىۋى يىغىلىش بولدى، چېئوسېسكونىڭ سۆزى ئۈزۈلۈپ تاشلانغان ۋاقىتتا، ئارمىيە - ساقچىلار ئاسمانغا ئوق ئېتىپ ئاگاھلاندۇرۇش بەردى، بۇنىڭ بىلەن ئاما ناماييش ئۆتكۈزۈپ قارشىلىق بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن تىركىشىش شەكىللەندى. 22 - كۈنى، چېئوسېسكۇ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى يىغىنىنى چاقىرىپ، باستۇرۇشنى قارار قىلدى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى باستۇرۇش بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، چېئوسېسكۇ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئۇنى ئاتقۇزۇۋەتتى، بۇ ئىش بىر قىسىم قوشۇننىڭ ئۆز ئىچىدىن قارشى قوزغىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، ئارمىيىنىڭ باش سەنئۇجاڭى قاتارلىق بىر تۈركۈم يۇقىرى دەرىجىلىك گېنېراللار چېئوسېسكۇغا قارشى چىقىپ، توشۇن

باشلاپ چېنوسېسكۇغا سادىق ئامانلىق ساقلاش قىسمىغا قارشى ئۇرۇش قىلدى، پايتەخت ۋە پۈتۈن مەملىكەت ئېغىر قالايمىقانچىلىققا چۈشۈپ قالدى، چېنوسېسكۇ ئاغدۇرۇپ تاشلاندى ھەمدە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى، رۇمىنىيە ۋەتەن قۇتقۇزۇش فرونتى كومىتېتى قۇرۇلدى ۋە ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈۋالغانلىقىنى ئېلان قىلدى. كومىتېت 30 نەپەر ۋاقىتلىق ئەزادىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە چېنوسېسكۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقىتلاردا پارتىيە ئىچى - تېشىدىكى ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشتا بولغان، چېنوسېسكۇغا قارشى ئوفىتسېرلەر بار. ۋەتەن قۇتقۇزۇش فرونتى كومىتېتى ي. ئىلىئېسكۇنى رەئىس قىلىپ سايلىدى، ئىلىئېسكۇ پېتېر رومانىنى زۇڭلى قىلىپ تەيىنلىدى، ھازىر ۋەتەن قۇتقۇزۇش فرونتى كومىتېتى ۋەزىيەتنى تىزگىنلىۋالدى، دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتى بارغانسېرى تىنچىدى. ئۇنىڭ سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى بىر پارتىيە تۈزۈمىنى بىكار قىلىش، ئەركىن سايلام ئۆتكۈزۈش، ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىۋېتىش، دۆلەت نامىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا، يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ سىياسىي خاھىشى غەربلەشتۈرۈش يۆنىلىشىگە مېڭىۋاتىدۇ.

## سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەزىيىتى يەنە داۋالغۇپ كېتىۋېرىدۇ

شەرقىي ياۋروپادىكى ئالتە دۆلەتتىن سىرت، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەزىيىتىمۇ ناھايىتى ئېغىر، بۇنىڭ ئىپادىسى

ئاساسەن مۇنداق تۆت جەھەتتە كۆرۈلىدۇ؛

1. سىياسىي جەھەتتە كۆپ مەنبەلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنى كەڭ يامرىتىۋەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاتالمىش ئىسلاھاتى سىياسىي ئىسلاھاتتىن باشلانغان بولۇپ، قانداقتۇر «ئاشكارىلىق»، «دېموكراتىيىلەشتۈرۈش» يولغا قويۇلۇپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنىڭ تارىخىي نەتىجىلىرى ئىنكار قىلىندى، نەتىجىدە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش كەڭ يامراپ كەتتى. ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقى پارتىيىسىنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى گۇرۇھلار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئۇنمىڭلىغان تۈرلۈك سىياسىي تەشكىلاتلار پەيدا بولدى. بەزى تەشكىلاتلار تېخىمۇ سىياسىي پارتىيە خاراكتېرىگە ئىگە، مەسىلەن، خەلق فرونتى، دېموكراتىك ئىتتىپاق ۋاھاكازا. قانۇنسىز ژۇرناللار ھەممىلا يەرنى قاپلاپ كەتتى، ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىسى كومپارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى. بەزى كىشىلەر ئاساسىي قانۇندىكى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك رولى توغرىسىدىكى ماددىنى بىكار قىلىشنى ئاشكارە ئوتتۇرىغا قويدى.

2. مىللىي زىددىيەت كۈچىيىپ كەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى يۈزدىن ئارتۇق مىللەتكە ئىگە ئىتتىپاقداش تۈزۈمىدىكى دۆلەت بولۇپ، 15 رېسپۇبلىكىسىنىڭ ئىچىدىكى 11 دە كۆلىمى ئوخشاش بولمىغان مىللىي مالىمانچىلىق يۈز بەردى. ھازىر ئەزەربەيجان ۋە ئەرمىنىيىدە مىللىي زىددىيەت تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان قوراللىق توقۇنۇش زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز مىللىتىنى قوراللاندۇرۇش ئۈچۈن زەمبىرەك، راكېتا، مىلتىق،

ئوق - دورىلارنى بولىدى، نەچچە يۈز كىشى ئۆلدى ۋە يارىلاندى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئون مىڭلىغان كىشىلىك قوشۇنىنى ئەۋەتىپمۇ تولۇق تىنجىتالمىدى. بالتىق دېڭىزى بويىدىكى لېتۋان، لاتۋىيە، ئېستونىيەدىن ئىبارەت ئۈچ رېسپوبلىكا يېقىندا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە بۆلۈنۈپ چىقىش، ھەتتا تامامەن مۇستەقىل بولۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. لېتۋان پارتىيە تەشكىلاتى يەنە سوۋېت كومپارتىيىسىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، ئاشكارە بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللاندى. گورباچېۋ ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپمۇ مەسىلىنى ھەل قىلالمىدى. يېقىندا شىنجاڭغا يېقىن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىمۇ مىللىي بۆلگۈنچىلىك، مۇستەقىللىق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە داۋالغۇشلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

3. ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق. بۇلتۇر ئالدىنقى تۇغقۇ ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى ئۆرۈشتىن كېيىنكى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىگە چۈشۈپ قالدى، مالىيە قىزىل رەقەمى 120 مىليارد رۇبلىغا يەتتى. پۇل پاخاللىق نىسبىتى ئىككى خانىلىق رەقەمگە يېتەي دەپ قالدى، تاشقى قەرزى 40 مىليارد رۇبلىغا يەتتى، بازاردىكى 1200 خىلدىن ئارتۇق ئاساسلىق تاۋارنىڭ ئىچىدە ئاران 20 خىلنىڭ تەمىنلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى. نۇرغۇن جايلاردا ئىش تاشلاش يۈز بەردى ئۇنىڭ كۆلىمى ناھايىتى چوڭ، ھەتتا رايوندىن ھالقىغان بىرلەشمە ئىش تاشلاشمۇ بولدى. مالىمانچىلىق بولغان بەزى رايونلاردا ئىشلەپچىقىرىش يېرىم پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى.

4. گورباچېۋنىڭ ئىناۋىتى چۈشۈپ كەتتى. گورباـ

چېيۋ تەختكە چىققاندا، كىشىلەر ئۇنىڭدىن ناھايىتى زور ئۈمىد كۈتكەنىدى، ئۇنىڭ «يېڭى تەپەككۇرى» نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇرغانىدى. لېكىن ھازىر ئۇ دۆلەتنى مالىمان قىلىۋەتتى، شەرقىي ياۋروپادىمۇ ئېغىر مەسىلىلەر كېلىپ چىقتى، شۇڭا كىشىلەر ئۇنىڭدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى. بۇلتۇر 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى لېنىنگرادتا 20 مىڭدىن ئارتۇق پارتىيە ئەزاسى يىغىن ئۆتكۈزۈپ، گورباچېيۋنىڭ تەختتىن چۈشۈشىنى تەلەپ قىلىپ، جايلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. يېقىندا چەت ئەل رادىئولىرى: ئەگەر ئۇ ھازىرقى خەتەرلىك ۋەزىيەتنى ئوڭشىيالمايدىغان بولسا، رەھبەرلىك ئورنىنى ساقلاپ قېلىشى ناھايىتى تەس دەپ باھا بەرىشتى. ئامېرىكا ۋە غەرب دۆلەتلىرى گورباچېيۋنىڭ ەختتىن چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدۇ، شۇڭا ئۇلار ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى قالايمىقانچىلىقنى قوللايدۇ، ھەم بەك شىددەتلىك بولۇپ كېتىپ، گورباچېيۋنىڭ ئابرويىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدۇ.

سوۋېت كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە مەركىزىي كومىتېتنىڭ كېڭەيتىلگەن ئومۇمىي يىغىنىنى ئاچتى، يىغىندا گورباچېيۋ دوكلات بەردى. كەسكىن مۇنازىرە ئارقىلىق، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بۇيىل يازدا ئېچىلىدىغان سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ 28 - قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان ھەرىكەت پىروگراممىسىنىڭ لايىھىسى ماقۇللاندى، ئاساسىي قانۇندىكى سوۋېت كومپارتىيىسى رەھبەرلىكى توغرىسىدىكى ماددىنى ئۆزگەرتىش، كۆپ پارتىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا تەييارلىق قىلىش، دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى

نى قايتىدىن ئويلۇنۇپ كۆرۈش ئوتتۇرىغا قويۇلىدى، زوڭ-تۇڭ تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، سوۋېت ئىتتىپاقىدا كۆپ خىل شەكىلدىكى ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتى بەرپا قىلىشقا تەيىيارلىق كۆرۈش تەكلىپ قىلىندى. يىغىن شۇنى ئىپادىلىدىكى، سوۋېت ئىتتىپاقى گورباچېۋ ئوتتۇرىغا قويغان «يېڭى تەپەككۇر»، «ئىنسانىي، دېموكراتىك سوتسىيالىزم» يۆنىلىشى بويىچە ئۆزگىرىشنى تېزلىتىشى مۇمكىن. گورباچېۋنىڭ بۇ بىرنىملىرى ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىغا خىلاپ بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئىككىنچى ئىنتېرناتسىئونال سوتسىيال دېموكراتىزمنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى ئىپادىسىدۇر. ئۇنىڭ ماھىيىتى خەلقئارا دائىرىدىكى سىنىپىي كۈرەشنى ئىنكار قىلىش، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىش، غەرب پارلامېنتىنىڭ دېموكراتىك سىياسىتىنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت، گورباچېۋنىڭ بۇ بىر يۈرۈش ئۇسۇلى سوۋېت ئىتتىپاقىنى نۆۋەتتىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مىللىي كرىزىستىن قۇتۇلدۇرالمايلا قالماستىن، ئەكسىچە كۆپ خىل زىددىيەتنى يەنىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئۇزاق مەزگىللىكچە داۋالغۇش ۋە قالايمىقانچىلىققا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

ھازىر، شەرقىي ياۋروپا ۋەزىيىتى يەنىلا تەرەققىي ئىلىۋاتىدۇ، كەلگۈسىنى مۆلچەرلەش تەس. ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن يەنە ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە:

بىرىنچى، ئاساسىي قانۇندىكى پارتىيە رەھبەرلىكى توغرىسىدىكى ماددىنى ئۆزگەرتىش، پرولېتارىيات دىكتاتۇ-

رىشىدىن، دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدىن ۋاز كېچىش، «دېموكراتىك سوتسىيالىزم» يولىدا مېڭىشنى قارار قىلىش؛ ئىككىنچى، ئۆكتىچىلەر تەشكىلاتىنىڭ قانۇنلۇق ئېكەنلىكىنى جاكارلاش، كۆپ پارتىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا قوشۇلۇش ۋە ئۇنى يولغا قويۇش، غەربچە پارلامېنت دېموكراتىيىسى ۋە ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىۋېتىشنى، ئەركىن سايلامنى يولغا قويۇش؛ ئۈچىنچى، پۈتۈنلەي بازار ئىگىلىكى ۋە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلىش، دېمەك، ھازىرقى شەرقىي ياۋروپادىكى ئۆزگىرىشنىڭ ماھىيىتى كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىنى ئىنكار قىلىش، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئىنكار قىلىش، كاپىتالىزم يولىدا مېڭىش، «تىنچ ئۆزگىرىپ كېتىش» تىن ئىبارەت.

## ئىككىنچى، شەرقىي ياۋروپادا يۈز بەرگەن جىددىي ئۆزگىرىشنىڭ ئاساسىي سەۋەبلىرى

شەرقىي ياۋروپادىكى بىر نەچچە دۆلەتتە نېمە ئۈچۈن شۇنداق جىددىي ئۆزگىرىش يۈز بەردى؟

يولداش دېڭشياۋپىڭ بولتۇر ئەتىياز ۋە ياز ئارىلىقىدا جۇڭگودا يۈز بەرگەن مالىمانچىلىق ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى تەھلىل قىلغاندا خەلقئارادىكى چوڭ مۇھىت ۋە دۆلەت ئىچىدىكى كىچىك مۇھىتتىن ئىبارەت ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. شەرقىي ياۋروپانىڭ ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلغاندىمۇ ئىشنى مانا مۇشۇنىڭدىن باش-

لىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. شەرقىي ياۋروپادىكى ئالتە دۆلەتتە يۈز بەرگەن مالىمانچىلىقنىڭ سەۋەبلىرى گەرچە ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئومۇمەن ئالغاندا ئۇ مالىمانچىلىقلار ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب كاپىتالىستىك دۆلەتلىرى ئۇزاقتىن بۇيان يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» نىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۆز دۆلەتلىرى ئىچىدە ئۇزاقتىن بۇيان «ئوخشاشمايدىغان سىياسىي كۆز قاراشتىكىلەر» نىڭ بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇپ كەلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قول تىقىشى ۋە گورباچېۋنىڭ «يېڭى تەپەككۇرى» ئىشنى تېخىمۇ ئەۋج ئالدۇرۇش رولىنى ئوينىدى.

## شەرقىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى كىچىك مۇھىتى

بىرىنچى، كۈچلۈك ماركسىزملىق سىياسىي پارتىيە رەھبەرلىك يادروسى قىلىنمىغان. شەرقىي ياۋروپادا ئازادلىقتىن بۇرۇن خەلق ئاممىسى ئارىسىدا كوممۇنىزم ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى چوڭ ئەمەس ئىدى، ئىشچىلار ھەرىكىتىدە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئىدىيىسى، يەنى بۇرژۇئازىيە ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيىسى ئاساسلىق ئورۇندا تۇراتتى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، بۇ دۆلەتلەرنىڭ كومپارتىيىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان ھەمدە كۆپىنچە دۆلەتلەردە ئاجىزراق كومپارتىيىلەر كۈچى زورراق سوتسىيال دېموكراتىك

پارتىيىلەر بىلەن بىرلىشىش ئارقىلىق ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىگە ئايلانغان ئىدى، ئۇلاردا بۇرژۇئازىيە بىلەن ئۇ-زاق مۇددەت كۈرەش قىلىشتەك تارىخ ۋە تەجرىبە يوق. شۇڭا، سوتسىيالىزم تەرەققىياتى قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن، غەرب دۆلەتلىرى «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» نى جىددىيلەش-تۈرگەن ھازىرقىدەك شارائىتتا، سوتسىيال دېموكراتىزم ئىدىيىسى پارتىيىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ئوخشاشلا بازار تاپتى. بۇ تارىخىي سەۋەب. جۇغراپىيىلىك ئورنىدىن قارىغاندا، شەرقىي ياۋروپا كاپىتالىستىك دۆلەتلەر بىلەن ناھايىتى يېقىن، ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ناھايىتى كۆپ، دېموكرا-تىك گېرمانىيىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ بۇرۇن غەربىي گېر-مانىيە بىلەن بىر دۆلەت ئىدى، شۇڭا غەرب بۇرژۇئا ئى-دىيىسىنىڭ كىشىلەردىكى تەسىرىمۇ بىر قەدەر چوڭقۇر. ئۇ-نىڭ ئۈستىگە بۇ دۆلەتلەر پارتىيە قۇرۇلۇشىغا ئۇزۇندىن بۇيان سەل قاراپ كەلگەنلىكتىن، سېپى چېچىلاڭغۇ، بوران - چاپقۇنغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. پولشا ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كۆتەرگەن ماجىرا ئەڭ ئەۋجىگە چىققاندا پولشا پارتىيىسى ئەزالىرىنىڭ $\frac{1}{3}$ قىسمى پارتىيىدىن چىقىنىگەن، بىر مىليون پارتىيە ئەزاسى ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا قاتناشقان. پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىغا ئۇزاقتىن بۇيان ئەھمىيەت بېرىلمىگەنلىكتىن، بەزى كادىر-لاردا ئىمتىياز ئىدىيىسى، ھاكىم مۇتلەقلىق ئىللەتلىرى پەيدا بولغان، ئاممىدىن ئايرىلغان، ھوقۇقىغا تايىنىپ نەپ ئال-غان، قاتتىق چىرىكلەشكەن، نەتىجىدە ھەر خىل خاتا ئى-دىيە ئېقىملىرى پارتىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يامراپ كەتكەن.

ئىككىنچى، ئىقتىسادىي خىزمەتتە ئېغىر سەۋەنلىك مەۋجۇت. شەرقىي ياۋروپادىكى 6 دۆلەتنىڭ ئىگىلىكى ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدىكى بىر تارىخىي دەۋر ئىچىدە زور دەرىجىدە راۋاجلانغان ئىدى، لېكىن كېيىن ئۇنىڭدا سەۋەنلىك يۈز بەردى. پولشا 70 - يىللاردا چەت ئەلدىن زور مىقداردا قەرز پۇل ئېلىشقا تايىنىپ «يۇقىرى سۈرئەت»نى يولغا قويغانلىقتىن، ئىگىلىك قۇرۇلمىسىدا تەڭپۇڭسىزلىق كېلىپ چىقتى، يېمەك - ئىچمەكنىڭ باھاسىنىڭ ئۆسۈشى ئىشچىلارنىڭ ئىش تاشلىشىنى، ئىتتىپاق ئىشچىلار ئويۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 80 - يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، يەنە ئىقتىسادىي جەھەتتە مەسىلە كۆرۈلگەنلىكتىن، ئىتتىپاق ئىشچىلار ئويۇشمىسىنىڭ قايتا كۆتۈرۈلۈشىگە شارائىت ھازىرلاندى. ۋېنگرىيىنىڭ ئىقتىسادىي ئۇزاققىچە بىر ئىزدا توختاپ قالدى، رۇمىنىيە يۇقىرى جۇغلانما ئېلىپ بارىمىز دەپ، ئۆز ئىقتىسادىنى پاراكەندە قىلىۋەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى رەت قىلىپ، خەلق تۇرمۇشى تۆۋەنلەپ كېتىشتەك ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بۇنداق سەۋەنلىكلەر، بۇ دۆلەتلەرگە سىياسىي جەھەتتە كرىزىس ئېلىپ كەلدى.

ئۈچىنچى، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتكە سەل قارالغان. شەرقىي ياۋروپا بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە قويۇق بولۇپ، غەربنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئىدىيىسىنىڭ بۇ دۆلەتلەردىكى خەلققە بولغان تەسىرى ناھايىتى زور. لېكىن بۇ دۆلەتلەر پارتىيىلىرى خەلقنى سوتسىيالىزم ئىدىيىسى بىلەن تەربىيىلەپ، ئىدىيىۋى ئىستىھكامنى ئىگە

لەشكە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن، ئامما بولۇپمۇ ياش ئەۋلادلاردا كوممۇنىزملىق غايە ۋە ئېتىقاد كەمچىل. شۇڭا، دۆلەت قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە ناھايىتى كۆپ سانلىق كىشىلەر سوتسىيالىزمغا قارشى كۈچلەرگە ئەگىشىپ كەتكەن.

تۆتىنچى، ئۆكتىچىلەرگە قارىتا خاتا فاڭجېن قوللىنىلغان. شەرقىي ياۋروپادىكى بىر قانچە دۆلەت ئۆكتىچىلەر (ئوخشاشمايدىغان سىياسىي قاراشتىكىلەر، دىنىي كۈچلەر قاتارلىقلار) غا قارىتا ئومۇمەن مۇرەسسەلىشىش، يول قويۇش، ماداراچىلىق، كەڭ قورساق بولۇشتەك پوزىتسىيە تۇتۇپ، بۇ كۈچلەرنىڭ بارغانسېرى غالىجىرلىشىشى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن. پولشا پارتىيىسى ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى مەسىلىسىدە، ئۇلارنىڭ ماجىرا چىقىرىشىنى يول قويۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق تىنجىتماقچى بولغانىدى. نەتىجىدە يول قويغانسېرى ماجىرا ئەۋج ئېلىپ، ئاخىرى ھاكىمىيەتنىمۇ تارتقۇزۇپ قويدى. چېخوسلوۋاكىيە، شەرقىي گېرمانىيىنىمۇ ئۆكتىچىلەرنىڭ تەلىپىگە قارىتا تەكرار يول قويۇش ئۇسۇلىنى قوللانغانلىقتىن، ئۇ جايلاردىكى ماجىرامۇ يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى.

### خەلقئارا چوڭ مۇھىت

شەرقىي ياۋروپادىكى زور مالىمانچىلىقنىڭ يۈز بېرىشىدە خەلقئارا چوڭ مۇھىتمۇ ئاساسىي سەۋەب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خەلقئارالىق سەۋەبنىڭ مۇنداق ئىككى تەرىپى بار. بىر تەرەپتىن غەرب دۆلەتلىرى «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش»نى

يولغا قويدى. كاپىتالىزم بىلەن سوتسىيالىزم تۈپ تۈزۈم جەھەتتىن پۈتۈنلەي قارىمۇ قارشى. غەربتىكى كاپىتالىستىك دۆلەتلەر سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنى ئاغدۇرۇۋەتمەكچى، بۇ ئۇلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك يەر شارى خاراكتېرلىك ستراتېگىيىسى. ئۇلارنىڭ قوللانغان ۋاستىلىرىنىڭ بىر خىلى ھەربىي جەھەتتىن ھۇجۇم قىلىش بولۇپ بۇنى سىناق قىلىپ بېقىشۋىدى، ئاقمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىنى «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» كە باغلىدى. شەرقىي ياۋروپانىڭ ئالاھىدە تارىخى، جۇغراپىيىلىك ئامىللىرى تۈپەيلىدىن، غەرب دۆلەتلىرى شەرقىي ياۋروپانى «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» نىڭ بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ تۇرغۇن دو تىكتى. بىرىنچىدىن، ئۇلار «ئەركىن ياۋروپا» رادىئو ئىستانسىسى قاتارلىق قورال لار ئارقىلىق شەرقىي ياۋروپاغا قارىتا ئۈزلۈكسىز ئاغدۇرمىچىلىق تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىپ، بۇ دۆلەتلەر خەلقىگە بۇرژۇئازىيە ئىدىيىسى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، قىممەت كۆز قارىشى بىلەن تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى؛ ئىككىنچىدىن، بۇ دۆلەتلەردىكى ئۆكتىچىلەرنى پۇل بېرىپ قوللىدى. ئامېرىكا پولشادىكى ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا ھەر يىلى نەچچە مىليون ئامېرىكا دوللىرى بېرىپ، ئۇلارنى ئۈزلۈكسىز ئىش تاشلاش، بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى، ئىش تاشلىغان مەزگىللەردە ئۇلارنىڭ مائاشىنى ئەمەلىيەتتە ئامېرىكا تارقىتىپ بەردى. 1983 - يىلى غەرب دۆلەتلىرى پارچىلىنىۋاتقان ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن، تېخى ۋاۋېنساغا نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىنى تەقدىم قىلدى. بۇلتۇر 6 - ئايدا، پولشا سايلام ئۆتكۈزگەندە، ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى

بورجېنىسكى بىر ئەقىل كۆرسەتكۈچىلەر ئۆمىكىنى باشلاپ پولشاغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ، ئىنتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا ئالىي مەسلىھەتچى بولۇپ بەردى. شەرقىي گېرمانىيە ئاھالىلىرىنىڭ چەتكە قېچىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى غەربىي گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ قاچقۇنلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتە نۇرغۇن مەنپەئەت بەرگەنلىكتىن ئىبارەت. ئۈچىنچىدىن، ئىقتىسادىي ياردەمنى دەسمايە قىلىپ ئازدۇرۇش ۋە بېسىم ئىشلىتىش. غەرب دۆلەتلىرى شەرقىي ياۋروپاغا بەرگەن قەرز پۇللارنىڭ ھەممىسىنىڭ قوشۇمچە سىياسىي شەرتى بار ھەمدە قەرز ئىگىسىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ. شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي مۇشكۈل، تاشقى قەرز يۈكى ئېغىر بولغانلىقتىن، ئاقىۋەت ،دەممۇ قەدەم يول قويۇشقا مەجبۇر بولۇپ، غەربنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» تەك تەلىپىگە ماسلاشقان.

خەلقئارا تەسىرنىڭ ئىككىنچى تەرىپى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرى ۋە قول تىقىشى. شەرقىي ياۋروپا ئۇزاقتىن بۇيان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونتروللۇقىدا بولۇپ كەلدى. گورباچېۋ تەختكە چىققاندىن كېيىن، ھەممىلا يەردە ئۆزىنىڭ «يېڭى تەپەككۇر» نى، يەنى ماركسىزملىق سىنىپىي تەھلىلنىڭ ئورنىغا ئابستراكت بولغان، ئادەتتىكى ئىنسانپەرۋەرلىك، دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، كىشىلىك ھوقۇقنى دەسسىتىپ «پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى سىنىپنىڭ مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ» دېگەننى تەرغىپ قىلدى. شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى بۇ خىل ئىدىيە ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى، نەتىجىدە ئۇلار ئۆكتىچىلەرگە قارىتا مۇرەسسەچىلىك، يول قويۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، سىياسىي

كۆپ مەلبەچىلىكنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ئۆكتىچىلەر بى-
لەن ھەمكارلىشىپ، مىللىي ئىناقلىقتا ئېرىشمەكچى بولدى.
گورباچېۋ كۆرۈنۈشتە شەرقىي ياۋروپانىڭ ئىچكى سىياسى-
تىگە ئارىلاشماسلىقنى تەكىتلەپ كەلگەن بولسىمۇ ئۇ دېموك-
راتىك گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە يۈز بەرگەن ئىشلارنى
ئاشكارا ھالدا نورمال ئەھۋال، بۇ بالدۇرلا يۈز بېرىش-
كە تېگىشلىك ئىشلار ئىدى، دېدى. بىر قانچە دۆلەتنىڭ
رەھبەرلىرىنىڭ تەختىن چۈشۈپ كېتىشى گورباچېۋ بىلەن
مۇناسىۋەتلىك. گورباچېۋنىڭ بۇنداق قىلىشىدا بىر قانچە
خىل سەۋەبلەر بار: (1) بۇ دۆلەتلەردىكى ئۆز-
گىرىش ئۇنىڭ «يېڭى تەپەككۇر» ى ۋە سوتسىيالىزمغا
بولغان قىممەت قارىشىغا ماس كېلىدۇ. (2) ئۇ شەرقىي ياۋ-
روپانى «فىنلاندىيىلەشتۈرۈش» ئارقىلىق، ياۋروپانىڭ بىتە-
رەپلىكىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ياۋروپانى ياۋروپالىقلارنىڭ
ياۋروپاسىغا ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق، ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا-
دىكى تەسىرىنى ئاجىزلىتىپ ۋە چەتكە قېقىپ، ئاتالمىش
«ياۋروپا چوڭ سارىيى» نى قۇرماقچى، بۇ ئەمەلىيەتتە بىر
تەرەپلىمە خىيال. ياۋروپادا داۋالغۇش يۈز بەرگەندە ئۇنىڭ
بۇش بىلەن ئۆتكۈزگەن «مالتا ئۇچرىشىشى»ئىككى تەرەپنىڭ
شەرقىي ياۋروپاغا بولغان پوزىتسىيىسىنى كېلىشتۈرىدىغان
يىغىن. (3) تار مىللەتچىلىك مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغان
خىيال. سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلگىرى شەرقىي ياۋروپاغا بولغان
سىياسىي كونتروللۇقىنى ئىقتىسادىي ياردەم ئۇسۇلى ئارقى-
لىق ئىشقا ئاشۇرۇپ كەلگەنىدى. نۆۋەتتە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ
ئىقتىسادىي ئىنتايىن مۇشكۇل ئەھۋالغا دۇچ كې-
لىپ، شەرقىي ياۋروپاغا ياردەم بەرگۇدەك چامىسى قالمى-

دى، شۇڭا، شەرقىي ياۋروپادەك بۇ ئېغىر يۈكنى پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ چۆرۈۋەتمەكچى.

شەرقىي ياۋروپادىكى بىر قانچە دۆلەت ۋەزىيىتىنىڭ جىددىي ئۆزگىرىشى ياۋروپا ۋەزىيىتى ۋە خەلقئارالىق مۇناسىۋەتكە غايەت زور تەسىر كۆرسىتىپ، شەرق بىلەن غەرب مۇناسىۋىتىدە يېڭى مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىنى كۆپەيتتى. لېكىن ئومۇمەن ئالغاندا، هازىرقى دۇنيا دۇچ كەلگەن ئىككى ئاساسىي مەسىلە تىنچلىق ۋە تەرەققىياتتىن ئىبارەت. خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئومۇمىي كەۋدىسى پەيدىنپەي تىنچلىنىشقا يۈزلىنىپ، دۇنيانىڭ كۆپ مەنبەلىشىش يۈزلىنىشىنىڭ روشەنلىشىشى كۈچەيمەكتە، ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ خەلقئارالىق ئىشلاردىكى تەسىرى بىردەك تۆۋەنلىمەكتە، لېكىن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈش، ئۆزئارا ئېلىشىش ۋەزىيىتى تېخى ئۆزگەرمىدى. شەرقىي ياۋروپا ۋەزىيىتىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، بۇنىڭدىن كېيىن ئىجتىمائىي تۈزۈمى ۋە ئاڭ شەكلى ئوخشىمايدىغان دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىدۇ ۋە كەسكىنلىشىدۇ. شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۈرەشمۇ تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ ۋە كەسكىنلىشىپ، ئۇزاققىچە داۋاملىشىدۇ.

## ئۈچىنچى، بىزنىڭ پوزىتسىيىمىز ۋە تەدبىرىمىز

(1) شەرقىي ياۋروپادا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىش ئارقىلىق، بىز خەلقئارادىكى «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش»

بىلەن «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش»كە قارشى كۆرەشنىڭ كەسكىن-
لىكى، ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى ۋە مۇرەككەپلىكىنى تېخىمۇ
ئىلگىرىلىگەن ھالدا تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك.

ئىلمىي سوتسىيالىزم ئىدىيىۋى سىستېمىسى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمىنىڭ كاپىتالىزم ئىدىيىۋى سىستېمىسى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمىنىڭ قارىمۇ - قارشى تەرىپى سۈپىتىدە تىكلىنىشى پۈتكۈل كاپىتالىزمنىڭ مۇقەررەر ھالاكەتكە يۈزلەنگەنلىكىدىن، ئۇنىڭ ئورنىنى سوتسىيالىزم ئىگىلەيدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ، نۆۋەتتىكى جەمئىيەتنىڭ ئىچكى زىددىيىتى ۋە ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئىجتى-مائىي تەرەققىياتنىڭ تەبىئىي تارىخىي جەريانى. ھەر قان-داق بىر دۆلەتتە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ تىكلىنىشى، مۇستەھ-كەملىنىشى، مۇكەممەللىشىشى ۋە راۋاجلىنىشى ھامان كاپىتالىس-تىك ياللانما ئەمگەك تۈزۈمىنى زەربىگە ۋە خەۋپكە ئۇچرىتىدۇ. شۇڭا، كاپىتالىستىك كۈچلەر ئۇنى ھامان تۈرلۈك ئۇسۇل ئارقىلىق تونجۇقتۇرۇۋېتىش ۋە يوقىتىشنىڭ كويىدا يۈرىدۇ. كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، سوتسى-يالىستىك دۆلەتلەرنى ئاغدۇرۇش، مانا بۇ، غەرب كاپىتالىزم كۈچلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ستراتېگىيىلىك نىشانى. غەرب دۆلەتلىرى مۇشۇ نىشان يولىدا سوتسىيالى-ستىك دۆلەتلەرگە قارىتا ھامان قورالLIق ئاغدۇرمىچىلىق ۋە «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» تىن ئىبارەت ئىككى قوللۇق تاكتىكىنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىپ كەلمەكتە، مەيلى قاي-سى ۋاستىنى ئىشلىتىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى يەنىلا خۇددى ئۈچ يىل ئىلگىرى رېگان پارىژدىكى بىر قېتىملىق نۇتۇقىدا دېگىنىدەك:

كوممۇنىزم ۋە سوتسىيالىزمنى يەر شارىدىن ئۆزۈل- كېسىل يوقىتىشتىن ئىبارەت.

قوراللىق ئاغدۇرمىچىلىق جەھەتتە، 70 نەچچە يىللىق تارىخ مەسىلىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. 1917 - يىلى روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، 14 جاھانگىر دۆلەت بىرلىشىپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قوزغاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى قوللاپ، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن سوۋېت ھاكىمىيىتىنى بۆشىكىدىلا بوغۇۋەتمەكچى بولدى. كېيىن يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتا ئۇزاق مۇددەتلىك مۇھاسىرە، قامال قىلىش، تاجاۋۇزچىلىق ۋە سوغۇق مۇناسىۋەت ئۇرۇشى سىياسىتىنى قوللاندى. 1949 - يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندا ئامېرىكا قامال قىلىش سىياسىتىنى قوللىنىپ، بىزنى تۇنجۇقتۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇندى، ئارقىدىنلا يەنە چاۋشيەنگە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغاپ، يالۇجياڭ دەرياسى بويىغىچە بېسىپ كەلدى ھەمدە ۋەتىنىمىز زېمىنى تەيۋەننى قوراللىق ئىشغال قىلىۋالدى. 50 - يىللاردا يەنە ۋيېتنامغا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇش قوزغاپ، دۆلىتىمىزنىڭ جەنۇبىي چېگراسىغا تەھدىت سالدى.

لېكىن قوراللىق ھۇجۇملارنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن غەرب دۆلەتلىرى تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتتى. ئۇلار كومپارتىيىنى يوقىتىپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش مەخسىتىنى تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇشنى خام خىيال قىلدى. بولۇپمۇ 80 - يىللاردىن كېيىن، ئۇلار تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش-

شنىڭ ئىنتايىن ياخشى پۇرسىتى يېتىپ كەلدى، دەپ ھېسابلاشتى. بىرىنچىدىن، خەلقئارالىق ۋەزىيەت پەسىيىشكە يۈزلىنىپ، شەرق بىلەن غەربنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشىلانغان بولۇپ، ۋەزىيەت ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرگە قارىتا سىڭىپ كىرىش، ئۆزۈپ كىرگۈزۈش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولدى؛ ئىككىنچىدىن، 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، كاپىتالىزم دۇنياسى ئۇرۇش جاراھەتلىرىنى ساقايتىپ، ئېغىر كىرىزىستىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، تىنچ شارائىتتا زامانىۋى پەن - تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىياتقا ئېرىشتى؛ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي كۈچى بىر قەدەر تېز سۈرئەتتە زورايدى؛ ئىجتىمائىي زىددىيەت ۋە سىنىپى زىددىيەت قىسمەن دائىرىدە تەڭشەلدى ۋە پەسەيدى ھەمدە ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا جەھەتتە خېلى زور ئۈستۈنلۈك جۇغلاندى. ئۈچىنچىدىن، بەزى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ قۇرۇلۇش جەريانىدا ۋاقىتلىق قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىشى، چارە - تەدبىر جەھەتتىمۇ سەۋەنلىكلەرنى ئۆتكۈزۈشى تۈپەيلىدىن، سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئۆزىدە ئەسلىدىن بار بولغان ئەۋزەللىكلەرنى باشتىن - ئاخىر ئىزچىل جارى قىلدۇرالمىدى، مانا بۇ ئەھۋالنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن تارتىپ، جۇڭگو ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى باشلىغاندا، ئۇلار بۇنى «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» تۇزغاشنىڭ چوڭ ياخشى

پۈرستى دەپ ھىسابلىدى، شۇنىڭ بىلەن بۇرژۇئازىيىنىڭ بىر قىسىم ۋەكىللىرى ھەدەپ «كوممۇنىزم پارچىلانماقتا»، ئۇلار ئېلىشمايلا يېڭىلىدىغان بولدى، دەپ ۋالاقلاشتى، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى، ئامېرىكا كاپىتالىزم سوتسىيالىزمنى، كوممۇنىزمنى يەڭدى ياكى يېڭىدۇ دېگەننى تەرغىپ قىلىدىغان بىر نەچچە كىتابنى نەشىر قىلدى،ى مەسىلەن، بورجىنىسكى تازغان «چوڭ يارمار: كوممۇنىزمنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە يوقىلىشى»، خاك يازغان «ئەجەللىك خام خىيال»، نىكسون يازغان «1999 — ئۇرۇش قىلماي غەلىبە قىلىش» قاتارلىقلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى، ھەربىي جەھەتتىن قورقۇتۇش ياكى تەھدىد سېلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىشنى كۆككە كۆتىرىپ، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشنى ئاساسىي ستراتېگىيە قىلىپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى پارچىلاش ۋە ئاغدۇرۇپ تاشلاش، 3 - دۇنيا ئەللىرىنىڭ سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشىنى توسۇش، شۇنىڭ بىلەن «ئۇرۇش قىلماي غەلىبە قىلىش» تىن ئىبارەت. ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇلتۇر 5 - ئايدا ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بۇش «چەكلەشتىن ھالقىپ كېتىش»ستراتېگىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇ، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى «چەكلەش» سىياسىتىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى، بۇندىن كېيىن «چەكلەشتىن ھالقىپ كېتىش» سىياسىتىنى قوللىنىش كېرەك، دەپ ھېسابلىدى. چەت ئەللەردىكى بەزى كىشلەر بۇ ستراتېگىيىنى بۇشىزم دەپ ئاتاشتى، ئۇنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنى يەنىلا ئامېرىكىنىڭ قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچىنى

ساقلاپ قېلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە باشقا سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرگە نىسبەتەن قىزىقتۇرۇش بىلەن بېسىم ئىشلىتىشنى تەڭ ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى تىنچ ئۆزگىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئەڭ ئاخىرىدا غەرب جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي - سىياسىي سىستېمىسىغا كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت.

ياۋروپا ئامېرىكا بىلەن سوۋېت تالىشىدىغان ستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتا، غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرى بىلەن شەرقىي ياۋروپا ئەزەلدىن زىچ مۇناسىۋەت قىلىپ كەلگەن. ئامېرىكا ۋە غەربتىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ شەرقىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنى تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشتە بۆسۈپ ئۆتۈش ئېغىزى قىلىپ تاللىۋېلىشىمۇ تاسادىپىي ئەمەس. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، شەرقىي ياۋروپا ئەسلىدىلا غەربىي ياۋروپادىن قالاق ئىدى، يېقىنقى 30 يىلدىن بۇيان، غەربىي ياۋروپانىڭ ئىقتىساد، پەن - تېخنىكىسىنىڭ بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلىشى ۋە ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى شەرقىي ياۋروپاغا نىسبەتەن ناھايىتى زور بېسىم بولدى، بۇ غەربىي ياۋروپانىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشنى يۈرگۈزۈشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت ھازىرلاپ بەردى. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئامېرىكا ۋە باشقا غەرب دۆلەتلىرى داۋاملىق تۈردە شەرقىي ياۋروپانىڭ سىياسىي - ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتىگە ئومۇمىيۈزلۈك سىڭىپ كىردى، بۇ دۆلەتلەردىكى ئۆكتىچىلەرنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى ۋە ئۇلارغا ياردەم بەردى. بولۇپمۇ پولشا، ۋېنگرىيىلەردە جىددىي ئۆزگىرىش يۈز بەرگەندە غەربتىكىلەر: بۇ بىر قېتىملىق

«شەرقىي ياۋروپانىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشتىكى تارىخىي پۇرسەت»، «مەغلۇب بولۇشقا يول قويغىلى بولمايدىغان سىناق» دەپ ھېسابلاپ، كەڭ كۆلەمدە ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى. ھازىر، يەتتە دۆلەت گۇرۇھى، ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى، سوتسىيالىستلار پارتىيىسى خەلقئارادا ھەر خىل لايىھىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شەرقىي ياۋروپانى ئۆزگەرتىۋېتىشنى ھەرقايسىسى ئۆزلىرى پىلانلىغان يولغا كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنماقتا.

يۇقىرىدىكى پاكىتلار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، شەرقىي ياۋروپادا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىش، ماھىيەتتە، سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمدىن ئىبارەت ئىككى خىل تۈزۈمنىڭ كىم كىمنى يېڭىشىدىكى بىر قېتىملىق زور كۈچ سىنىشىش. غەرب دۆلەتلىرى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنى «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» ستراتېگىيىسىدىن ۋاز كەچمىدى ۋە ۋاز كەچمەيدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن، ئاغدۇرمىچىلىق بىلەن ئاغدۇرمىچىلىققا قارشى تۇرۇش، سىڭىپ كىرىش بىلەن سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش بىلەن تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشى يەنىلا داۋاملىشىدۇ. بۇ ئىككى خىل ئىجتىمائىي تۈزۈم، ئىككى خىل ئىدىيە سىستېمىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك كۈرەش. ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب كاپىتالىستىك دۆلەتلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرگە قارىتا «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» يۈرگۈزۈشىدە تىغ ئۇچى بىزنىڭ جۇڭگونىمۇ قارىتىلغان. ئۇلار شەرقىي ياۋروپا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشنىڭ پەيدىنپەي ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا ئەگىشىپ، بىر مەزگىل ئىچىدە كوم-

پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرۇش تىغ ئۇچىنى ئاسا-سەن بىزنىڭ دۆلىتىمىزگە قارىتىشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا، بىز سەگەك تۇرۇشلى ۋە يۇكسەك ھوشيارلىقنى ساقلىشىمىز لازىم.

**(2) شەرقىي ياۋروپادا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىش ئارقىلىق سوتسىيالىستىك دۆلەتتىكى ئىسلاھاتقا توغرا قارىشىمىز كېرەك**

شەرقىي ياۋروپادىكى ئۆزگىرىشلەر بىزگە سوتسىيالىستىك دۆلەتتىكى ئىسلاھاتقا قانداق قاراش كېرەك، شەرقىي ياۋروپادىكى ئۆزگىرىشلەر ئىسلاھاتمۇ ياكى «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» مۇ؟ دېگەن سوئالنى قويىدى. ئۇزۇپ ئېيتقاندا بولىدىكى، بۇ ئىسلاھات ئەمەس، «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش». بىز دەۋاتقان ئىسلاھات سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئۆزىنى - ئۆزى مۇكەممەللەشتۈرۈشى، سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. شەرقىي ياۋروپانىڭ بۇ خىل «ئىسلاھات»نى بولسا سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئىنكار قىلىش، بىرىنچى قەدەمدە پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى تاپشۇرتۇپ ھاكىمىيەتتىن مەھرۇم قىلىش؛ ئىككىنچى قەدەمدە ئىقتىسادىي جەھەتتە پۈتۈنلەي بازار ئىگىلىكى، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلىش. يولشا خۇسۇسىيلاشتۇرۇش يولىدا مېڭىشنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويىدى. ۋاۋېنسا ئاشكارا ھالدا «سوتسىيالىزمدىن

كاپىتالىزمغا ئۆتىدىغان يولدا ھېچكىم مېڭىپ باققان ئەمەس، بىز مۇشۇ يولدا ماڭماقچى » دېگەن. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇلار سوتسىيالىزم يولىدىن چەتنىدى، كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدىن ئايرىلدى، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئىنكار قىلدى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمدە سۈپەت ئۆزگىرىشى بولۇۋاتىدۇ.

شەرقىي ياۋروپادىكى ئۆزگىرىشلەر بىزگە سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردىكى ئىسلاھاتتا ھەقىقەتەن يۈنىلىش مەسىلىسى بارلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ھازىر بەزى كىشىلەرنىڭ تونۇشىدا يەنىلا بەزى مۇجمەللىكلەر بار، ئۇلار شەرقىي ياۋروپا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىۋاتىدىغۇ، ئىسلاھات ئېلىپ بارغانلىق ياخشى ئىش، دەپ قاراپ، ئىسلاھاتنىڭ سوتسىيالىزم يۈنىلىشىدىن چەتنەپ، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئېغىر ئاقىۋەتلەرگە بولغان تونۇشى يېتەرلىك بولمايۋاتىدۇ. سوتسىيالىزم يولىدىن چەتنىگەن «ئىسلاھات» نىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش كېرەك. ھازىر، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىمىز بۇ مەسىلىدە ئېنىق پوزىتسىيىگە كەلدى، شەرقىي ياۋروپادىن ساۋاقلارغا ئېرىشتى، تونۇشىمىز بارغانسېرى چوڭقۇرلاشتى. باش شۇجى جىياڭ زېمىن ئۆتكەن يىل دۆلەت بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن قىلغان سۆزىدە ئىسلاھاتنىڭ سوتسىيالىستىك يۈنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش مەسىلىسىنى نۇرغۇن جەھەتلەردىن سىستېمىلىق شەرھلەپ بەردى، بىز يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇشۇ سۆزنىڭ روھى بويىچە ئىدىيىمىزنى ئۆستۈرۈپ، تونۇشىمىزنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىمىز لازىم. نۆۋەتتە شەرقىي ياۋروپادا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدا بولۇۋاتقان ئىسلاھات-

نى داۋاملىق كۆزنتىشىمىز كېرەك. ئۇلارنىڭ ئىسلاھاتتىكى تۇرلۇك تەشەببۇسلىرىنى، جۇملىدىن گورباچيوۋنىڭ «يېڭى تەپەككۇر»ىنى تەھلىل قىلىشىمىز، ھەرگىز «ئىسلاھات» ۋەۋىسكىسى بىلەن قايمۇقۇپ قالماسلىقىمىز لازىم.

يەنە بەزى يولداشلار شەرقىي ياۋروپادا چىققان مەسىلىلەرنى كۆرۈپ ئىسلاھاتنى ئىنكار قىلىۋاتىدۇ. بۇمۇ توغرا ئەمەس. ئېلىمىزنىڭ تەجرىبىلىرى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بىلەن قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. رۇمىنىيەنىڭ ساۋاقلىرى بىزگە ئىسلاھات ئېلىپ بارمىغاندا چىقىش يولى بولمايدىغانلىقىنى، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى، تېگى - تەكتىدە ئېيتقاندا، ئۇزاق مۇددەتلىك مۇقىملىقنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. پارتىيە ئىسلاھاتقا تەشەببۇسكارلىق بىلەن رەھبەرلىك قىلىشى، ئىسلاھات مۇقىملىقتا، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇشىغا پايدىلىق بولۇشى لازىم. ئون يىلدىن بۇيان ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھ قىلىش، ئېچىۋېتىش يۆنىلىشى توغرا بولۇپ كەلدى، ئومۇمىيلىقتىن ئېيتقاندا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. بىزدە بەزى مەسىلىلەر كۆرۈلگەن ۋە بەزى قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن بولساقمۇ، چوڭ مەسىلە كۆرۈلمىدى، مەسىلە كۆرۈلگەندىمۇ ئۇنى ۋاقتىدا تۈزىتىۋالدۇق. پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، بىز خىزمەتلىرى

مىزدىكى «بىر قولدا بوش، تۇتۇش بىر قولدا چىڭ تۇ-تۇش» ھالىتىنى ئۆزگەرتىشكە باشلىدۇق؛ 5 - ئومۇمىي يىغىندا يەنە تۈزەش، ياخشىلاش ۋە ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈز-لۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاش-تۇرۇلدى، بۇنىڭ ھەممىسى مۇھىم تەدبىرلەر. ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھاتى چوقۇم ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىشىمىز كېرەك.

**(3) شەرقىي ياۋروپادا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر ئار-قىلىق، ئىقتىسادىي خىزمەتلىرىمىزنى ياخشى ئىشلەپ خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇزاققىچە ئۇدا، مۇقىم، ماسلاشقان ھالدا راۋاجلىنىشىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.**

شەرقىي ياۋروپادىكى ئۆزگىرىشلەرنى تەھلىل قىلساق، بۇ بىر قانچە دۆلەتتە سىياسىي ئىجتىمائىي مەسىلىلەر-نىڭ ئارقىسىدا، ئېغىر ئىقتىسادىي مەسىلە بار. ئىقتىسادىي خىزمەتنى ياخشىلىماي تۇرۇپ، سىياسىي ۋەزىيەتنى، جەم-ئىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش ناھايىتى تەس. ئىقتىساد جەھەتتە كېلىپ چىققان تۇراقسىزلىق ھەمىشەم چەتئەللەردىكى دۈش-مەن كۈچلەرنىڭ ھەرىكەت قىلىشىغا شەرت - شارائىت ھا-زىرلاپ بېرىدۇ. شۇڭا، بىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبا-رەت مۇشۇ مەركەزنى چىڭ تۇتۇپ، ئىقتىسادىي خىزمەتنى يۇكسەلدۈرۈشىمىز كېرەك.

دۆلەت ئەھۋالىدىن ئايرىلىپ، ئالدىراقسانلىق قى-لىش ئىدىيىسىنى قەتئىي تۈگىتىش كېرەك. سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي خىزمىتىدە مەسىلە

چىققاندا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان، ئەڭ چوڭ چاتاق ئۆز مەملىكىتىنىڭ ئەھۋالىدىن چەتنەپ، ئالدىراقسانلىق قىلىش. ئېلىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى چوڭقۇر ساۋاقلىرى كۆپچىلىككە ئايان. شەرقىي ياۋروپانىڭ ساۋاقلىرىنىمۇ ئەستە تۇتۇشىمىز كېرەك. بۇلاردىن ئەڭ تىپىك بولغىنى پولشا. 70 - يىللار- نىڭ دەسلىۋىدە گىلېيك تەختكە چىققاندىن كېيىن، يۇقى- رى سۈرئەت بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ستراتېگىيىسىنى ئوتت- تۇرىغا قويۇپ، يۇقىرى سۈرئەت، يۇقىرى جۇغلانما، يۇقى- رى ئىستېمالدىن ئىبارەت «ئۈچتە يۇقىرى بولۇش» سىيا- سىتىنى يولغا قويدى، ئۇلارنىڭ شوئارلىرى «قايتىدىن بىر پولشا قۇرۇپ، ئىككىنچى قېتىملىق سانائەتلەشتۈرۈشنى ئېلىپ بېرىش» بولدى. پۇلى بولمىسا چەت ئەلدىن قەر- ئالدى، قىسقا مەزگىل ئىچىدىلا پولشانىڭ ئىقتىسادى تەرەققىياتىدا «ئالتۇن دەۋر» مەيدانغا كەلدى، سانائە- نىڭ ئېشىش سۈرئىتى ھەقىقەتەن تېز بولدى. لېكىن بۇ ئەمەلىيەتتە دۆلەت ئەھۋالىدىن ئايرىلغان «چوڭ سەكرەش»، «ئەجنەبىيلەرچە سەكرەش» بولدى. نەتىجىدە 70 - يىللار- نىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە بارغاندا ئىقتىسادىي چۈشكۈنلى- شىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چەت ئەل قەرزىنى قايتۇرۇش- قا توغرا كېلىپ، بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر چۈشۈپ كەتتى. 80 - يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە پولشانىڭ ئىقتىسادىي تېزدىن يامانلىشىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەن- لەپ، قاتمۇ قات قەرزگە بوغۇلۇپ كەتتى، مال باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلەپ كەتتى، ئىشچىلار ئىش تاشلاپ چاتاق چىقاردى، ئىقتىسادىي مەسىلە تۈپەيلىدىن بىر قېتىملىق ئىشچىلار دولقۇنى شەكىللەندى ۋە قوزغالدى، ئىتتىپاق

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى مۇشۇنىڭ بىلەن ۋۇجۇدقا كەلدى ھەمدە تەرەققىي قىلىپ سىياسىي دۈشمەن كۈچكە ئايلاندى. پولشانىڭ ساۋاقلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، پارتىيىمىزنىڭ 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 5 - ئومۇمىي يىغىنى خەلق ئىگىلىكىنى ئۇدا، مۇقىم، ماسلاشقان ھالدا راۋاجلاندۇرۇشتەك يېتەكچى ئىدىيىنى پۇختا تۇرغۇزۇش ھەققەتەن ناھايىتى مۇھىم دەپ يەنە بىر قېتىم تەكىتلىدى.

سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتا، مۇستەقىل ئۆز ئۆزىگە خوجا بولۇش، ئۆز كۈچىگە تايىنىش ئىش كۆرۈش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. يۇقىرىدا بىز پولشانىڭ تاشقى قەرز مەسىلىسى ئۈستىدە توختالدۇق. پولشا 70 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە قەرز ئېلىشقا تايىنىپ «ئەجنەبىيلەرچە سەكرەش»نى يولغا قويغان، تاشقى قەرزى 1970 - يىلىدىكى 800 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن 1980-يىلىغا بارغاندا بىردىنلا كۆپىيىپ 23 مىليارد 900 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 28 ھەسسە كۆپىيىپ، قالتىس دەرىجىگە يەتكەن. 1980 - يىلى تاشقى پېرېۋوتنىڭ دىرىنى قايتۇرۇپ ئۆسۈمىنى بېرىش سانى شۇ يىللىق تاشقى پېرېۋوت كىرىمىنىڭ 80 پىرسەنتىگە يەتكەن بولۇپ ھېسابلىنىشىچە تاشقى قەرز ئومۇمىي سوممىسى شۇ يىللىق تاشقى پېرېۋوت كىرىمىنىڭ 1.3 ھەسسىسىدىن ئېشىپ كېتىپ، دۇنيا بانكىسى ئېلان قىلغان ئاگاھلاندۇرۇش سىزىقىدىن كۆپ ئېشىپ كەتكەن. ھازىر 40 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن بولۇپ قايتۇرۇشقا قۇدرىتى يەتمىگەن. ۋېنگرىيىمۇ 70 - يىللاردا كۆپلەپ تاشقى قەرز ئالغاندا، دەسلەپتە نەچچە مىليارد ئالغان، كېيىن بارغانسېرى كۆپ ئالغان، ھازىرغا

قەدەر تاشقى قەرزى 20 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن، كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە توغرا كېلىدىغان تاشقى قەرز 2 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا توغرا كەلگەن بولۇپ، شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. تاشقى قەرز كۆپ بولۇپ كەتسە ئىقتىساد جەھەتتىكى بېسىم ئېغىر بولىدۇ، مۇستەقىل ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشقىمۇ تەسىر يېتىدۇ،قەرز ئىگىلىرىنىڭ رايىغا بېقىپ ئىش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇڭا غەرب كاپىتالىستىك ئەللىرى ھەدەپ قىستاپ كەلگەن ئەھۋال ئاستىدا ئۇلارغا يول قويۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا ھاكىمىيەتنى تاپشۇرۇپ بېرىشتىن باشقا ئامال يوق. بۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرىدىغان بولساق، ھازىر كاپىتالىستىك ئەللەر ئېلىمىزگە جازا چارىلىرىنى قوللىنىپ، ئىقتىسادىي ۋاستىلەر ئارقىلىق بىزگە بېسىم ئىشلىماقچى بولۇۋاتىدۇ، بىز بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالايمىز، تاقابىل تۇرالايمىز، چۈنكى بىز ئىقتىسادتا مۇستەقىل ئۆزىمىزگە ـ ئۆزىمىز خوجا دۆلەت. سوتسىيالىستىك دۆلەت زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشتا، ئىشىكنى تاقىۋالسا بولمايدۇ، لېكىن بىز سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە، تاشقى قەرز ئېلىشتا لايىقىدا بولۇشىمىز، مۇستەقىل ئۆزىگە ئۆزى خوجايىن بولۇش، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش پرىنسىپىنى ھەرگىز يوقىتىپ قويماسلىقىمىز كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا بېقىندى دۆلەتكە ئايلىنىپ قالىمىز.

**(4) شەرقىي ياۋروپادا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك**

شەرقىي ياۋروپادىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ سەۋەبى ناھا-يىتى كۆپ، لېكىن ئەڭ ئاچقۇچلۇقى پارتىيىنىڭ ئۆزىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىدىن ئىبارەت. سوتسىيالىستىك دۆلەت كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرمىسا، سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ. پارتىيە رەھ-بەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشتا پارتىيە تەشكىلاتلىرى كۈچلۈك جەڭگىۋارلىققا ئىگە بولۇشى كېرەك. شەرقىي ياۋروپادىكى ئۆزگىرىشتە ئاۋۋال ئۇزاق مۇددەت رەھبەرلىك ئورنىدا تۇرۇپ كېلىۋاتقان كومپارتىيە ياكى رەھبەرلىك ھوقۇقىنى يوقىتىپ قويغان ياكى رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆتكۈزۈپ بەرگەن، ھەتتا پارچىلىنىپ كەتكەن. ۋېنگرىيە-نىڭ مەسىلىسى ۋېنگرىيە كومپارتىيىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يۈز بەرگەن، ۋېنگرىيە سوتسىيالىستىك ئىشچىلار پارتىيە-سى ئۆكتىچىلەرنى ئۆزى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. پارتىيە ئىچىدىكى بەزى مۇھىم رەھبەرلەر ئۆكتىچىلەر پارتىيىسىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولۇپ قالغانلىقتىن پارتىيىدە پارچىلىنىش كېلىپ چىققان، كومپارتىيە سوتسىيالىستلار پارتىيىسىگە ئايلىنىپ كەتكەن. شەرقىي ياۋروپانىڭ ئەھۋالىغا سېلىش-تۇرۇش ئارقىلىق بىز چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولدۇق. بىر تەرەپتىن، پارتىيىمىز ئۇزاق سىناقلارنى باشتىن كەچۈر-گەن جەڭگىۋارلىققا ئىگە، ئىتتىپاقلاشقان، بىرلىككە كەل-گەن پارتىيە ئىكەنلىكىنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە-سى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغان-لىقىنى كۆرۈشىمىز كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، بىز پار-تىيە ئىچىدە يەنە بەزى مەسىلىلەرنىڭ ساقلىنىۋاتقانلى-

قىنى تېخىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەك. ئۆتكەن يىلدىكى مالىمانچىلىقتا مەركەز بىلەن بىردەك بولمىغانلار، پارتىيىدىن چېكىنمەكچى بولغانلار ھەتتا جېدەل چىقىرىشقا قاتناشقانلارمۇ بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، چىرىكلىشىش ھادىسىلىرىمۇ كۆرۈلدى. شۇڭا بىز پارتىيىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق، چىڭ تۇتۇپ، پارتىيىمىزنى نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرگەن، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلىغان، تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىشتا چىڭ تۇرغان ھەقىقىي ماركسىزملىق ئىنقىلابىي پارتىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرگۈچىلەرنىڭ پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىپ، ئىچكى قىسمىدا پارتىيىگە بۇزغۇنچىلىق ۋە بۆلگۈنچىلىك قىلىشىغا ھەرگىزيول قويماسلىقىمىز كېرەك.

پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە بايرىقىمىز روشەن ھالدا بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك. بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش بىلەن تۆت ئاساسىي پرىنسىپ ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇقارشىلىق مۇرەسسەسىزدۇر، سەن ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشمىساڭ، ئۇ سەن بىلەن ئېلىشىۋېرىدۇ، سەن ئاجىزلىق قىلىپ يول قويساڭ، ئۇ بارا - بارا قىستاپ كېلىدۇ. ئەگەر ئەركىنلەشتۈرۈش بىلەن كۈرەش قىلمىساق، پارتىيىمىز ئىدىيىدە چىرىكلىشىپ، سىياسىي جەھەتتە ئايىنىپ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، تەشكىلىي جەھەتتە پارچىلىنىپ، جەڭگىۋارلىق كۈچى ئاجىزلاپ كېتىدۇ ھەتتا ئۇنى يوقىتىپ قويىدۇ. بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئاجىزلىق قىلىپ يول قويۇش يوقىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ قېتىمقى شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىدىكى سىياسىي ئۆكتىچىلەر بىرىنچى قەدەمدە ئۆزلىرىنىڭ تەشكى-

لاتلىرىنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشنى، كۆپ
پارتىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى، پارتىيىگە، سوتسىيالى-
زمغا قارشى پىكىر ئەركىنلىكى، نامايىش قىلىپ جېدەل
چىقىرىش ئەركىنلىكى بولۇشنى، پارتىيە ۋە ھۆكۈ-
مەتنىڭ ئۆزلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىشنى تەلەپ قىلغان؛
ئىككىنچى قەدەمدە پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەتنىڭ بىر قىسمىنى
بېرىشنى، پارلامېنتتا، ھۆكۈمەتتە ئۆزلىرىنىڭ ئورنى بولۇشى-
نى تەلەپ قىلغان؛ ئۈچىنچى قەدەمدە كوممۇنىستىك پار-
تىيىنى ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىدىن ھاكىمىيەت سىر-
تىدىكى پارتىيىگە ئۆزگەرتىۋېتىش، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى
زاۋۇتلاردىن ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىدىن، ئار-
مىيىدىن چېكىندۈرۈش. بۇنىڭ بىلەنلا بولدى قىلماي، ئۇ-
لار يەنە كومپارتىيىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پارتىيە رەھ-
بەرلىرىنى قولغا ئېلىپ، سوتقا تارتىپ، كاللىسىنى ئالماقچى
بولۇشقان. شۇڭا، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش مەيدانىدا
جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇپ كېلىۋاتقان كىشىلەرگە ھەر-
گىز يول قويماي، ئۇلارغا قارشى چوقۇم ئۇزاققىچە، تىنىمۇ-
تىنىغ كۈرەشنى قانات يايدۇرۇش كېرەك؛ سوتسىيالىزمغا
قارشى سىياسىي كۈچلەرگە، رەھىمدىللىك، يۇمشاق قوللۇق
قىلىشقا بولمايدۇ، ئېتىراپ قىلىپ، مەيلىگە قويۇۋېتىشكە،
بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرگۈچىلەرگە جامائەت پىكرى بازى-
سى ھازىرلاپ بېرىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. شۇنى چوقۇم
سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، بىزنىڭ ئۇلار
بىلەن بولغان كۆرىشىمىز، ماھىيەتتە ھاكىمىيەت مەسىلىسى
خالاس. شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىدىكى قانلىق ساۋاقلارنى
چوقۇم ئەستە چىڭ تۇتۇشىمىز لازىم، پارتىيە قۇرۇلۇشى-

نى كۆچەيتىشتە دىيانەتلىكنى تەشەببۇس قىلىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىق قۇرۇلۇشى بىلەن چىرىكلىككە قارشى كۆرەشنى «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» كە قارشى تۇرۇش يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈپ تونۇشىمىز كېرەك. پولشا ۋەقەسى پولشا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ چىرىكلىشىشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. پولشا پارتىيىسى ھۆكۈمىتىدىكى چىرىكلىك ئەھۋاللار بىرقەدەر ئېغىر. يۇقىرىدا مەركەزدىن تارتىپ تۆۋەندە ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىغىچە رەھبەرلەرنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆزنەپسىگە چوغ تارتىش ئەھۋالى ئومۇميۈزلۈك. پولشا ئالىي تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ 1980 - يىلى 7 - ئايدا ئېلان قىلغان بىر ماتېرىيالىدا، خىيانەت قىلىش جىنايىتى دەپ ئەيىبلىنىپ ئېتىراپ قىلىنغان كىشىلەر ئىچىدە ئۈچ نەپەرى مەركىزىي كومىتېتنىڭ شۇجىسى، 57 نەپەرى ھەرقايسى ئۆلكىلىك كومىتېتلارنىڭ شۇجىسى، يەتتە نەپەرى مۇئاۋىن زۇڭلى، 74 ى مىنىستىر، مۇئاۋىن مىنىستىر ياكى شۇ دەرىجىلىك كادىر ئىكەن، ئۆلكە باشلىقى ۋە مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقلىرى 11 كىشى ئىكەن. 1981 - يىلدىكى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، پولشادا مەملىكەت بويىچە 800 مىليونېر غەربتە پولشانىڭ «قىزىل نوپۇزلۇق مەنسەپدار» لىرى «قىزىل بۇرژۇئازىيە» دەپ ئاتالغان. شۇنچە ئېغىر دەرىجىدىكى چىرىكلىك ھادىسىسى ئۇزاققىچە ھەل بولماي كەلگەنلىكتىن، ئامما ئەلۋەتتە پارتىيىدىن نارازى بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە يامان غەرەزدىكى بەزى كىشىلەر پىتنە پاسات تارقىتىپ، راست بىلەن يالغاننى ئارىلاشتۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىۋەتكەن، شۇڭا ئىنتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى جېدەل چىقارغان ھامان ئاممىۋى ئۇلارغا ئەگەشكەن.

رۇسىيىدىمۇ مۇشۇنداق مەسىلە بار، رەھبەرلىك تۇغـ
قانچىلىق مۇناسىۋەت باغلىغان، شەخسنىڭ دېگىنى دېگەن
بولغان، ئالاھىدە بولىۋالغان، ئاممىدىن ئايرىلغان شەرقىي
ياۋروپادىكى باشقا ئەللەردىمۇ مۇشۇ خىلدىكى مەسىلىلەر
بار. چىرىكلىك ھادىسىسى ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكتىن ئاما
ئارىسىدا غۇل - غۇلا پەيدا بولغان، بۇنىڭدىن يامان غەـ
رەزدىكى كىشىلەر پايدىلىنىپ، سىياسىي ۋەزىيەتتە داۋالغۇش
پەيدا قىلغان. ئۆتكەن يىل مەملىكىتىمىزدە نېمە ئۈچۈن
شۇنچە كۆپ ئاما ئەگەشتى؟ بۇنىڭدىكى مۇھىم بىر سەـ
ۋەب خەلق ئاممىسىنىڭ ئېلىمىزدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان
پەيدا بولغان چىرىكلىك ھادىسىگە قورساق كۆپىكى بار،
سىياسىي سۇيىقەستچىلەر مۇشۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، «خىيانەتـ
چى ئەمەلدارلارنى يوقىتايلى، چىرىكلىككە قارشى تۇرايلى»
دېگەن ۋىۋىسكىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. توپىلاڭ تىنچلىتىلغانـ
دىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېڭى رەھبەرـ
لىك كوللېكتىپى تېزدىن قارار چىقىرىپ، چىرىكلىككە قارشى
تۇرۇش كۈرىشى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىنى داغدۇغىلىق ھالدا
جىددىي ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن تۇتۇپ، ئاما ئۈچۈن ھەـ
قىقىي ئىش قىلىپ بېرىش جەھەتتە ئۆزلىرى ئۈلگە كۆرسىـ
تىپ، باشلامچىلىق قىلدى، ئاممىنىڭ قورسىقى بوشىدى. مەيـ
لى شەرقىي ياۋروپادىكى ئۆزگىرىش بولمىسۇن، ياكى ئۆتكەن
يىل ئېلىمىزدە يۈز بەرگەن ۋەقە بولمىسۇن، چىرىكلىككە قارـ
شى تۇرۇش، پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسىلىسىگە چوقۇم يۈكسەك
دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىزنى سەمىمىزگە سالىدى،
بۇ مەسىلە ياخشى ھەل قىلىنسا پارتىيىنىڭ ئاما ئىچىدىـ
كى ئابرويى ئۆسىدۇ، بىز يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرالايمىز.

(5) شەرقىي ياۋروپادا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق، ئىشەنچىمىزنى چىڭىتىپ، سوتسىيالىزم تۇغىنى ئاخىرغىچە كۆتۈرۈشىمىز كېرەك

سوتسىيالىزم يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن ئىجتىمائىي تۈزۈم، ئۇنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئىلگىرى پارتىيىمىزدىن بۇنداق ياكى ئۇنداق سەۋەنلىكلەر ئۆتۈپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى تولۇق جارى قىلدۇرۇلمىدى، بۇ ئەمەلىيەت. لېكىن، سوتسىيالىزمنىڭ كاپىتالىزمدىن ئەۋزەل ئىكەنلىكى قىل سىغمايدىغان پاكىت. سوتسىيالىزمنى، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى خونۇكلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنىدىغان ھەر قانداق دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل سۇيىقەستى ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ. شەرقىي ياۋروپادىكى ئۆزگىرىشلەر بەزى يولداشلارنى سوتسىيالىزمنىڭ ئىستىقبالى زادى بارمۇ - يوق؟ دېگەن گۇمانغا سېلىپ قويدى. بىزنىڭ قارىشىمىزچە شەرقىي ياۋروپادا يۈز بەرگەن ۋەقەدىن سوتسىيالىزم مەغلۇپ بولدى دېيىشكە بولمايدۇ، چۈنكى بۇ كۈرەش ئاياقلاشقىنى يوق، ھەر خىل سىياسىي كۈچلەر يەنىلا ئېلىشىۋاتىدۇ، زىددىيەتلەر مۇرەككەپ، ئىشلار ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىۋاتىدۇ، سوغۇق قانلىق بىلەن كۆزىتىش كېرەك. تارىخىي تەجرىبىلەردىن قارىغاندا، كاپىتالىزم جەمئىيىتى دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، فېئودال تىرىلگۈچى كۈچلەر بىلەن ئۈزاق مۇددەت، قايتا - قايتا ئېلىشىش ئارقىلىق ئورنىتىلغان. سوتسىيالىستىك جەمئىيەت دۇنياغا كەلگىلى ئەمدىلا نەچچە ئون يىل بولدى، شەرقىي ياۋروپادىكى بەزى ئەللەردە تەكرارلىنىش كۆرۈلدى، بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئاخىرى بىر دۆلەتتە قانداق ئىجتىمائىي تۈزۈمنى تاللىۋا-

لىدىغانلار خەلق ئاممىسىدۇر. ئۆتكەن بىر قانچە ئون يىلدا شەر-
قىي ياۋروپا خەلقى سوتسىيالىزمنى، كوممۇنىستىك پارتىيە-
نىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىشتا ئۇلار كۆنسايىن ئېشىپ
بېرىۋاتقان سىياسىي، ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئېرىشكەنىدى.
ھازىر تۆرلۈك سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن يىغىلىپ قالغان ئىقتى-
سادىي قىيىنچىلىق، سىياسىي ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە قارى-
تا ھەر قايسى گۇرۇھتىكى سىياسىي كۈچلەر تۆرلۈك تەشەب-
بۇسلىرىنى ۋە ۋەدىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى، كەڭ خەلق
ئاممىسى يەنىلا كۆزەتمەكتە ۋە سىلىشتۇرماقتا. شەرقىي ياۋ-
روپادىكى ھەر قايسى ئەللەر ھازىر دۇچ كېلىۋاتقان بىر مۇن-
چە مەسىلىلەرنى، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقنى ھەرگىز
سوتسىيالىزمدىن ۋاز كېچىپ، كاپىتالىزمنى تىرىلدۇرۇش بى-
لەنلا ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. كاپىتالىزم تۈزۈمى
يولغا قويۇلسا مۇقەررەر ھالدا ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈپ كې-
تىش. تەقسىماتتىكى ئادىلسىزلىقنى مۇرەسسە قىلىشقا ئامال-
سىز ئېلىشتەك زىددىيەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. دۆلەتنىڭ، كول-
لېكتىپنىڭ كارخانىلىرى، مال مۈلۈكى قايتىدىن كاپىتالىست-
لارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئىشچىلار، دېھقانلار يەنە ئاز سان-
دىكى كىشىلەر ئۈچۈن ئىشلىسە ئامما قوبۇل قىلالامدۇ-يوق؟
زىددىيەت جەزمەن كەسكىنلىشىپ كېتىدۇ. بۇندىن باشقا
غەرب كاپىتالىزمى مۇشۇ دۆلەتلەرگە ئىقتىسادىي جەھەتتە
ياردەم بېرىمىز دەپ ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا
ئۇنچىۋالا كۈچمۇ يوق. پولشا ئامېرىكىدىن ئون مىليارد ئا-
مېرىكا دوللىرى سورىغان، بىر نەچچە ئاي سودىلىشىش ئار-
قىلىق. ئىگىلىك ھوقۇقىغا زىيانلىق ئىشلارغا ماقۇل بولغان-
دىن كېيىن ئامېرىكا 500 مىليوندىن ئوشۇقراق بېرىشكە

قوشۇلغان. بۇ نېمە مەسىلىنى ھەل قىلالايدۇ؟ چەت ئەل كاپىتالىستلىرىنىڭ داۋالغۇشتا تۇرۇۋاتقان شەرقىي ياۋروپاغا ئالدىراپ مەبلەغ سېلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. شۇڭا بۇنىڭدىن كېيىن شەرقىي ياۋروپانىڭ تېخىمۇ كۆپ قىيىنچىلىققا ۋە مەسىلىلەرگە، بولۇپمۇ سىياسىي ۋەزىيەت پاراكەندىچىلىكى، پۇل پاخاللىقى قاتارلىقلارغا دۇچ كېلىشى شۈبھىسىز. پاكىت كەڭ خەلق ئاممىسىنى تەربىيىلەپ، توغرا تاللىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. بىز يىراقنى كۆرۈشىمىز كېرەك.

شەرقىي ياۋروپادا يۈز بەرگەن «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» دولقۇنى، جۇڭگودىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نۆۋەتتىكى ئېغىر ئەھۋالى جۇڭگونى گۇمران قىلىۋېتەلەمدۇ؟ بۇنىڭدىن نۆۋەتتە نۇرغۇن يولداشلار ئەندىشە قىلىۋاتىدۇ. بىزنىڭ جاۋابىمىز ناھايىتى ئېنىقكى: جۇڭگونى ھەرگىز گۇمران قىلىۋېتەلمەيدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ ئەمەلىي ئەھۋالدىن قارىغاندا جۇڭگونىڭ نۆۋەتتىكى سىياسىي ۋەزىيىتى مۇقىم. ئۆتكەن يىل بىز مالىمانچىلىقنى توسۇپ، توپىلاڭنى تىنچىتتۇق. بىر قېتىملىق تارىخىي خاراكتېرلىق سىناقنى باشتىن ئۆتكۈزدۇق، 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4 - ۋە 5 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېڭى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى نۇرغۇن نەتىجىلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ۋەزىيىتىمىز يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇقىملاشتى. بۇنى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىزگە قارشى چىققۇچىلارمۇ ئىنكار قىلماي تۇرالمايدۇ. توپ نېگىزدىن ئېيتقاندا، جۇڭگو شەرقىي ياۋروپاغا مۇنداق تۆت جەھەتتە ئوخشىمايدۇ. بىرىنچىدىن، پارتىيىمىز شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىدىكى پارتىيىلەرگە ئوخشىمايدۇ. شەرقىي ياۋ-

روپادىكى بۇ پارتىيىلەر سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى، 2 - ئىنتېرناتسىونالنىڭ ئىدىيىۋى تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان، كوممۇنىستىك پارتىيىدىن ئىسلاھات خاراكتېرىنى ئالغان دېموكراتىك سوتسىيالىستىك پارتىيىگە ئاسانلا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ؛ بىزنىڭ پارتىيىمىز بولسا ئۇرۇش يىللىرىدىكى قانلىق كۈرەشلەردە ئۆسۈپ يېتىلگەن، ئىككىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان، چوڭقۇر ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە. ئىككىنچىدىن، بىزنىڭ ئارمىيىمىز شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىنىڭ ئارمىيىسىگە ئوخشىمايدۇ. شەرقىي ياۋروپا ئارمىيىسىدە پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ رولى ئاجىز، بەزىلىرىدە پوپلار بار، بىزنىڭ ئارمىيىمىز پارتىيىنىڭ مۇتلەق رەھبەرلىكىدىكى ئارمىيە، كۈچلۈك ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ئىشلىنىپ ۋىرىدۇ، پارتىيە ۋە خەلققە سادىق، ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇشنىڭ سىنىقىنى باشتىن كەچۈرگەن. ئۈچىنچىدىن، جۇمھۇرىيىتىمىزنى ئۆزىمىزگە تايىنىپ قۇرغان، بىز مۇستەقىل ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش فاكجىنىدا چىڭ تۇرىمىز. چوڭ دۆلەتنىڭ قوماندانلىقى بويىچە ئىش كۆرمەيمىز، شەرقىي ياۋروپادىكى ئەللەرنىڭ كۆپ ساندىكىسىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىزىل ئارمىيىسى ئازاد قىلغان، ئۇزاق مۇددەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونتروللۇقىدا بولغان. تۆتىنچىدىن، ئېلىمىزنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، چېگرا ئەھۋالى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى شەرقىي ياۋروپانىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، يۇقىرىقى تۆت چوڭ جەھەتتىكى ئوخشاشماسلىق جۇڭگونىڭ ھەرگىز شەرقىي ياۋروپانىڭ ئىزىدىن ماڭمايدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. يېقىنقى مەزگىلدە ئۇنداق بولمايدۇ، كېيىنمۇ ئۇنداق بولمايدۇ.

سوتسيالىزمنىڭ ئىستىقبالى پارلاق، سوتسيالىزمنىڭ توغى مەڭگۈ ئاخىرغىچە داۋاملىشىدۇ دېيىشكە تولۇق ئاساسىمىز بار. ماركسىزمنىڭ قارىشىچە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا ئۇنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى بار، ئۇ ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق ئەمەس. كاپىتالىزم شۇنىڭ ئۈچۈن مۇقەررەر هالدا يوقىلىدۇكى، ئۇ ئۆزىدە ساقلىنىۋاتقان تۈپ زىددىيەتنى ئۆزى هەل قىلىشقا چارىسىز، گەرچە يېقىنقى زامان بۇرژۇئازىيىسى بەزى ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىپ بەزى زىددىيەتلەرنى پەسەيتكەن بولسىمۇ، لېكىن، تۈپ زىددىيەتنى هەل قىلىپ كېتەلمەيدۇ، ئاخىرى هالەك بولىدۇ. سوتسيالىزم تۈزۈمىنىڭ غەلىبە قىلىشىمۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتى، ئۇ كاپىتالىزم يېڭىشكە ئامالسىز قالغان تۈپ زىددىيەتنى هەل قىلالايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بەزى يولداشلار بەزى يۈزەكى هادىسىلەرنى كۆرۈپلا سوتسيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكى ئۈستىدە مەردانىلەرچە ئىشەنچ ۋە ئىشەنچ ھاسىل قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى، توغرا ئەمەس. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 40 يىلدىن بۇيان، بىر مۇنچە ئەگرى - توقاي يوللارنى مېڭىپ، هەر خىل ئوڭۇشسىزلىقلارغا دۇچ كەلگەن بولساقمۇ، لېكىن ئومۇمەن قارىغاندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خەلققە رەهبەرلىك قىلىپ جۇڭگونىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتتى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتىمىز كاپىتالىستىك ئەللەرنىڭكىدىن يۇقىرى بولدى، 1 مىليارت 100 مىليون ئاهالىنىڭ كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك مەسىلىسىنى هەل قىلدى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆستى، جۇڭگونىڭ دۇنيادىكى ئورنى زور دەرىجىدە ئۆستى. تارىخنى

ئەسلەيدىغان بولساق، ھەر قايسى سەپلەردە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولدى، بۇ ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان پاكىت. ئەلۋەتتە، بىزنىڭ ئاساسىمىز ئاجىز، ھازىرقى تەرەققىيات سەۋىيىسىدە غەربتىكى تەرەققىي تاپقان ئەللەرگە تېخى يېتەلمەيمىز، بۇ سوتسىيالىزم تۈزۈمى يارىمايدۇ دېگەنلىك بولماستىن، دەل ئاملىق جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، خىزمەتلىرىمىزنى ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، سوتسىيالىزم بولمىغان بولسا، يېڭى جۇڭگو بولمىغان بولاتتى، بۇ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت، بىز بۇ نۇقتىنى مەردانىلىق بىلەن تەكىتلىشىمىز كېرەك. شەرقىي ياۋروپادىكى ئۆزگىرىشلەر سوتسىيالىزمنىڭ ئالغا بېسىش يولىدىكى ئەگرى - توقايلىقلارنىلا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. ئەگرى - توقايلىق ئالدىدا بىز ئىشەنچىمىزنى چىڭىتىپ، خىزمەتلىرىمىزنى ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك. مەيلى شەرقىي ياۋروپادا بولمىسۇن، ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقىدا يەنە قانداق ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرمىسۇن، بىز سوتسىيالىزم توغىنى كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ ئالغا باسىمىز.

## تۆتىنچى، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ شىنجاڭنىڭ چوڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان مەركىزى ۋەزىپە

نۆۋەتتىكى كەسكىن، مۇرەككەپ خەلقئارا ۋەزىيەتكە قارىتا مەركەزنىڭ چوڭ ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش توغرى-

سىدىكى بىر قاتار مۇھىم يولىيورۇقلىرىنىڭ روھىنى ئەس-
تايىدىل ئۆگىنىشىمىز، ئۆزلەشتۈرىشىمىز، ئىزچىللاشتۇرىشىمىز،
شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلغان ھالدا تېخىمۇ
قەتئىي، كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مۇقىملاشتۇرۇش
مەركەز قىلىنغان تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتىشىمىز
كېرەك.

نۆۋەتتە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ۋە شىنجاڭنىڭ ۋەزى-
يىتى مۇقىم، سىياسى ۋەزىيەتمۇ ياخشى. ئۆتكەن يىل پارتىيىمىز
ۋە دۆلىتىمىز ئېغىر سىياسىي ۋەقەنى باشتىن كەچۈرۈپ،
قالايمىقانچىلىقنى تۈسۈش ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى
تىنچىتىشنىڭ ھەل قىلغۇچ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى.
بۇ كۈرەشنىڭ غەلىبىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى
رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگو خەلقى تاللىۋالغان سوتسىيالىزم
يولى ۋە ئېلىپ بېرىۋاتقان سوتسىيالىستىك ئىسلاھات
ئىشلىرى جۇڭگونىڭ كەڭ زېمىنىدا كەينىگە ياندۇرۇشقا
بولمايدىغان تارىخىي ئېقىمغا ئايلانغانلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىر-
لىگەن ھالدا ئىسپاتلاپ بەردى. بۇنى ھەر قانداق قىيىن-
چىلىق توسالمايدۇ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەر
قانداق دۈشمەن كۈچلەر تەۋرىتەلمەيدۇ ۋە ئۆزگەرتەلمەيدۇ.
مەيدۇ. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ توغرا
رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭدىمۇ قالايمىقانچىلىقنى تۈسۈش ۋە
«19 - ماي» ئۇرۇش - چېقىش، بۇلاشتەك ئېغىر قالايمىقان-
چىلىق ۋەقەسىنى تىنچىتىشنىڭ غەلىبىسى قولغا كەلتۈرۈل-
دى، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيەتمۇ داۋاملىق ياخشى
تەرەپكە قاراپ راۋاجلاندى. ھازىر پۈتۈن ئاپتونوم رايونى-
مىز سىياسىي جەھەتتە تىنچ، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولماقتا،

ئىقتىساد پۇختا ماسلاشقان ھالدا راۋاجلانماقتا، بازار ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم بولدى، مال باھاسى چۈشۈشكە يۈزلەندى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى پەيدىنپەي ياخشىلاندى، تۈرلۈك خىزمەتلەردە يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بولۇپمۇ ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىسى مالىمانچىلىقنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈپ، ئىدىيىۋى - سىياسىي ئېڭى ئۆستى، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئاڭلىقلىقى ۋە قەتئىيلىكى يەنىمۇ كۈچەيدى، بۇ بىزنىڭ خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىمىزنىڭ مۇھىم كاپالىتى. بىز 1990 - يىلى يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتە، قەتئىي ئىشەنچ باغلىشىمىز كېرەك.

لېكىن شۇنىمۇ ئېنىق كۆرۈش كېرەككى، تىنچ بولماسلىق ئامىللىرى يەنىلا مەۋجۇت، بىز دۇچ كەلگەن ۋەزىيەت ئىنتايىن جىددىي، ۋەزىپە ئىنتايىن ئېغىر، ئىنتايىن مۇشكۈل. بۇلتۇر تىنچسىز بىر يىل بولدى، بۇ يىلمۇ تىنچ بولمايدۇ، شۇنداقلا تېخىمۇ تىنچسىز، ۋەقە كۆپ بىر يىل بولىدۇ. خەلقئارادىن قارىغاندا، ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش كۆپ، ئەنسىزلىك مەۋجۇت. غەربتىكى كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» ستراتېگىيىسىنى جىددىي يولغا قويۇۋاتىدۇ، ئىدىئولوگىيە جەھەتتە، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتە بىزگە قارىتا سىڭىپ كىرىش ۋە جازالاش ئېلىپ بېرىپ، ئىس - تۈتەكسىز ئۇرۇش قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ئاغدۇرىۋەتمەكچى، سوتسىيالىزم يولىنى ئىنكار قىلماقچى

بولىۋاتىدۇ. شەرقىي ياۋروپانىڭ ۋەزىيىتى يەنىلا ئەۋج ئېلىپ ئۆزگىرىۋاتىدۇ. نەتىجىسىنى قىياس قىلىش تەس. يېقىندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەزىيىتىدىمۇ ئۆزگىرىش يۈز بەردى. چەت ئەل بۆلگۈنچى كۈچلىرىمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىش ۋە بۇزغۇنچىلىقنى جىددىيلەشتۈردى. دۆلەت ئىچىدىن قارىغاندا، بىز مالىمانچىلىقنى توسۇش ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى تىنچىتىش جەھەتتە ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن بولساقمۇ، لېكىن جاھان تېخى تىنچىغىنى يوق. پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى بىر ئوچۇم دۈشمەن كۈچلەر ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەيدۇ؛ بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش مەيدانىدا چىڭ تۇرىدىغان ۋە جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىۋېتىش خام ـ خىيالىدا بولىۋاتقان ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر يەنە پۇرسەت تېپىپ تۈرلۈك بۇزغۇنچىلىقلارنى قىلىدۇ. غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئاغدۇرمىچىلىق، بۇزغۇنچىلىقلىرى، شەرقىي ياۋروپا ۋەزىيىتى، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەزىيىتىدىكى داۋالغۇشلار مۇقەررەر ھالدا شىنجاڭغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇزۇندىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خەلقئارادىكى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى مۇھىتنىڭ تەسىرى بىلەن بۇ خىل بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى كۆپىيىپ قالدى. ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر مەملىكەت سىرتىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر بىلەن ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۆز ئارا ماسلىشىپ ئەكسىيەتچىل شوئار، تەشۋىقات ۋەرەقىسى، چوڭ ـ كىچىك خەتلىك گېزىت

يېزىش قاتارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ تارىخنى بۇرمىلاپ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە ھۇجۇم قىلىپ «مۇستەقىللىق» نى تەرغىپ قىلدى، ھەتتا مىللەت، دىن بايرىقىنى كۆتىرىپ چىقىپ قوتراتقۇلۇق قىلىپ ۋەقە پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشتەك سۇيىقەستىگە يەتمەكچى بولدى. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر «شەرقىي تۈركىستان» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللاندى، بۇ شىنجاڭدىكى ئاساسىي خەۋپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى جاھانگىرلارنىڭ «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» ستراتېگىيىسى بىلەن زىچ ماسلاشقان بولۇپ چەت ئەلدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ۋە دۈشمەن كۈچلەرنىڭ شىنجاڭدىكى پايدىلىنىشقا بولىدىغان بىر تارماق كۈچى بولۇپ قالدى. شىنجاڭدىمۇ بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش مەيدانىدا چىڭ تۇرىدىغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر ۋە مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەيدىغان دۈشمەن ئۇنسۇرلار بۇزغۇنچىلىق قىلىش ۋە مالىمانچىلىق قىلىشقا پۇرسەت كۈتۈپ تۇرماقتا. بۇنىڭغا قارىتا بىز يۈكسەك دەرىجىدە ھوشيار بولۇشىمىز، ھەرگىز بىخۇتلۇق، بىپەرۋالىق قىلماسلىقىمىز كېرەك. مىللەتلەرنى چوقۇم سەگەك تۇتۇشىمىز، دۈشمەن ئەھۋالى كۆزقارىشى، سىنىپىي كۆرەش كۆزقارىشى، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى كۆزقارىشىنى مۇستەھكەم تىكلىشىمىز، ئېھتىمال چوڭ بولغان مالىمانچىلىق ۋە تۇيۇقسىز يۈز بېرىدىغان ۋەقەنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز، ھەرقايسى تەرەپلەردىن كەلگەن ئەڭ چوڭ ئىغۋاگەرچىلىكلەرگە تاقابىل تۇرۇشىمىز كېرەك. پۈتۈن پارتىيىدىكى

يولداشلار شىنجاڭنىڭ مۇقىم بولۇش مەسىلىسىگە يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە جىددىيلىك تۇيغۇسى بىلەن مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەننى قەتئىي تەۋرەنمەستىن ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، پارتىيىنىڭ 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ، 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇقىملاشتۇرۇشنى مەركەز قىلىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، مۇقىملاشتۇرۇش ھەممىنى بېسىپ چۈشۈشنى ھەقىقىي ئورۇندىشىمىز كېرەك.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي جەھەتتىكى مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مەركەزنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئەستايىدىل ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت، ھەر قايسى تارماقلاردىن پۈتۈن كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇشنى تەلەپ قىلدى.

**بىرىنچى، چوڭ ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشنى چوڭ ئىش سۈپىتىدە تۇتۇش كېرەك.** ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر بولۇپمۇ ئاساسلىق رەھبىرىي يولداشلار ئاساسلىق زېھنىي كۈچىنى مۇقىملاشتۇرۇشنى تۇتۇشقا قويۇشى كېرەك. بۇ خىزمىتىمىزدىكى مۇھىم نۇقتا. ئاپتونوم رايونىمىز مۇشۇنداق قىلدى، ھەر قايسى ۋىلايەت، تارماقلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ خىزمىتىنى مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشى، ھەر قايسى كەسپلەر، ئاممىۋى تەشكىلاتلارمۇ مۇشۇن-

داق ئىشلىشى كېرەك. بىزنىڭ تۇرلۇك خىزمەتلىرىمىز مۇ-
قىملاشتۇرۇشقا بويسۇنىشى، مۇقىملاشتۇرۇش ئۇچۇن خىز-
مەت قىلىشى كېرەك. پۇتۇن پارتىيە مۇقىملاشتۇرۇشنى تۇ-
تىدىغان، پۇتۇن جەمئىيەت مۇقىملاشتۇرۇشنى تۇتىدىغان
ۋەزىيەتنى شەكىللەندۇرۇش كېرەك. مۇشۇنداق ۋەزىيەت
بارلىققا كەلگەندىلا شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى كاپالەتكە ئىگە
بولىدۇ، پەيدا بولۇش مۇمكىنچىلىكى بولغان تۇرلۇك ئىغ-
ۋاگەرچىلىكلەرگە، ھەتتا ئەڭ چوڭ ئىغۋاگەرچىلىكلەرگىمۇ
تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولالايمىز؛ بىز قانداقلا
قىيىنچىلىق ئەھۋالىدا بولىسۇن ھەيۋەتلىك ھالدا تەۋرەن-
مەي تۇرالايمىز، ياكى ۋەقە يۈز بەرگەن تەقدىردىمۇ ناھا-
يىتى تېزلا تىنچىتالايمىز. بۇ يىل ئىنتايىن بىر ھالقىلىق
يىل بولۇپ، ھازىردىن باشلاپ دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ
مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ھەقىقىي تۇردە ئەمەلىيلەشتۇرۇ-
شىمىز كېرەك. ھەر بىر ئورۇننى ئاساس قىلىپ باشلىق
مەسئۇل بولۇشى، ھەر دەرىجىلىك ئاساسلىق رەھبىرىي كا-
دىرلار بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلىپ، ئۆز رايونى، ئۆز تار-
مىقىدىكى مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىنى تەكشۈرۈشى
ھەل قىلىشى كېرەك. جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ
كۈچىنى، جۈملىدىن ئاممىۋى تەشكىلات، دېموكراتىك
پارتىيە ـ گۇرۇھ، مىللىي، دىنىي زاتلارنى سەپەرۋەرلىككە
كەلتۇرۇپ چوڭ ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى
ياخشى ئىشلەش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە
ھۆكۈمەتلەر رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ مۇقىملاشتۇرۇش خىز-
مىتىنى ھەقىقىي تۇردە تەشكىللىشى ۋە ئۇنىڭغا ياخشى
رەھبەرلىك قىلىشى كېرەك. قىسىم، قوراللىق ساقچى، جاما-

ئەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى، بىخەتەرلىك ئورگانلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قوروللۇق بىختۇەنىنىڭ خىزمەتلىرىنى ياخشى مۇزاكىرە قىلىپ ۋە كۈچەيتىپ، تويۇقسىز يۈز بېرىدىغان تۇرلۇك ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ لايىھىسىنى ۋە تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئەستايىدىل تۈزۈپ چىقىشى كېرەك. مۇبادا تويۇقسىز ۋەقە يۈز بەرسە بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش، بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىش، بىر تۇتاش ھەرىكەتكە كېلىش كېرەك. بۇ بىزنىڭ دۈشمەن كۈچلەرگە تاقابىل تۇرۇشىمىزدىكى ئەڭ ئاساسلىق، ئەڭ كۈچلۈك كۈچىمىز. كۆپلىگەن پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى، رەھبەرلىكنى ھەقىقىي تۇردە كۈچەيتىشى — مۇقىملاشتۇرۇشنى ياخشى تۇتۇشنىڭ ھالقىسى.

ئىككىنچى، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك. نۆۋەتتىكى پايدىلىق پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە تۆت ئاساسىي پىرىنسىپ چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش تەربىيىسىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى ۋە «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش»كە قارشى تۇرۇش تەربىيىسىنى، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش تەربىيىسىنى، خەلقئارا ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ۋەزىيەت تەربىيىسىنى كەڭ، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى، سوتسىيالىزملا جۇڭگونى قۇتقۇزالايدىغانلىقىنى كەڭ تۈردە سۆزلەش كېرەك. بايرىقىمىز روشەن ھالدا پارتىيىنىڭ 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4 - ئومۇمىي يىغىنى، 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئارقىلىق، كىشىلەرنىڭ

ئىدىيىۋى تونۇشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بارلىق پاسسىپ
ئامىللارنى تۈگىتىپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا
سېلىش كېرەك. ئىدىيىۋى تەربىيىنى قاتلاملارغا بۆلۈپ،
نۇقتىلىق ئېلىپ بېرىش كېرەك. دېھقان - چارۋىچىلارغا
بولغان ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى قاراتمىلىقى بولغان
ھالدا ياخشى ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ ئەندىشىلىرىنى تۈگىتىپ،
دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنى ھەقىقىي مۇقىملاش-
تۇرۇش كېرەك. ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىي سىنىپ، شۇن-
داقلا خوجايىن، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ خوجايىنلىق رولىنى
تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ھازىر كارخانىلاردا قىيىن-
چىلىق ناھايىتى كۆپ، تەشۋىق - تەربىيە ئارقىلىق، ئۇلار-
نىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كۈرەش ئىرادىسىگە
ئىلھام بېرىپ، ئۇلارنى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، دۆلەت ئۈچۈن
كۆپرەك تۆھپە قوشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.
كۈچ سەرپ قىلىپ ئوقۇغۇچىلارغا بولغان ئىدىيىۋى تەربىيە
خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئوقۇغۇچىلارنى مۇقىملاشتۇرۇش،
مەكتەپلەرنى مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك. بۇ مۇقىملىقنى ساق-
لاشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر تەرىپى. ھەر مىللەت كادىر-
لىرى، خەلق ئاممىسىنى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ
ئىدىيىسى ۋە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەسەرلىرىنى
ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى -
نەزەرىيىۋى سەۋىيىسىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.
مەدەنىيەت - سەنئەت ساھەسى، نەزەرىيە ساھەسى پارتىيە-
نىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە
چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ تېمىنى چۆرىدىگەن ھال-
دا ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت،

جامائەت پىكرى بازىسىنى مۇستەھكەم ئىگىلىشى كېرەك.
چوڭقۇر، ئىنچىكە ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ئارقىلىق
پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دىنىي يۇقىرى قاتلام زاتلار
ۋە ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتى-
پاقلىشىپ، چوڭ ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە
قوشۇش كېرەك. چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەردىكى ئاھالىلەر،
جۈملىدىن ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلار، شەھەر ئاھالىلىرى-
گە بولغان خىزمەتنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەش كېرەك. بۇ،
شەھەرلەردە تىنچ - ئىتتىپاق بولۇشنى ھەقىقىي كاپالەت-
لەندۈرۈشنىڭ ھالقىسى. ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىش
بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە جەمئىيەتتىكى «قىزىتما نۇقتا»
مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا دىققەت قىلىش كېرەك. مەس-
لەن، «ئىككىنى قىسقارتىش» فاڭجېنى يولغا قويۇلغاچقا
ۋە بازار كاساتلىشىپ قالغاچقا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى
بەزى كارخانىلاردىكى ئىشچىلار ئىش توختىتىپ قويىدى
ئىش كۈتۈپ قالدى؛ ئۆتكەن يىل بەزى جايلار ئاپەت-
ئۇچراپ بەزى نامرات ئائىلىلەر، ئاشلىق يېتىشمەيدىغان
ئائىلىلەر پەيدا بولدى؛ بازاردىكى مال باھاسى تۆۋەنلەشكە
قاراپ يۈزلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاممىدا يەنىلا ئەندىشى-
لەر ساقلانماقتا ۋەھاكازا. بىز چوقۇم ئامما كۆڭۈل بۆلۈ-
ۋاتقان بۇ «قىزىتما نۇقتا» مەسىلىلىرىنى قەتئىي نىيەتكە
كېلىپ بىر تەرەپ قىلىشىمىز، ئۇنى تىنچسىزلىقنىڭ بىر
خىل ئامىلىغا ئايلاندۇرۇپ قويماسلىقىمىز كېرەك. بۇرژۇئا-
چە ئەركىنلەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغان ۋە مىللىي بۆل-
گۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا
بۆلگۈنچىلىك سالغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ

يامان نىيەت بىلەن ئاممىنى قۇترىتىپ قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلمىشىغا قارىتا، ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ئاساسىدا قەتئىي پاش قىلىش، كۈرەش قىلىش كېرەك. يامان ئادەملەرنى ئۈزۈل - كېسىل پاش قىلغاندا ۋە ئۇلارغا زەربە بەرگەندىلا، يامان ئادەملەرنى يېتىم قالدۇرغىلى، ئاممىنى تەربىيىلىگىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كېرەك. بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي جەھەتتىكى مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشتىكى ھالقا. ھەرقايسى رايون، تارماقلار مىللىي خىزمەت ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋەزىيىتىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشى كېرەك، مەسىلە سېزىلسە ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، ئىتتىپاقسىزلىق ئەھۋاللىرىنى بىخ ھالىتىدىلا ئۇگىتىشكە تىرىشىش كېرەك. ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى تەربىيىسىنى داۋاملىق كەڭ كۆلەمدە چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش، خەنزۇلار بىلەن ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىككى ئايرىلالماسلىق تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار ۋە نەمۇنىلىك ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسىلەرنى بەرپا قىلىش پائالىيىتى ۋە ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى، دىنىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ۋە تۈزىتىش كېرەك. يېقىندا يولداش ۋاڭ ئېنماۋ خوتەندە مىللەتلەر ئىتتىپاق-

لىقى خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇ ئون تۈرلۈك
تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ مىللىي خىزمەتتىن
چىقىرىلغان ئىلمىي يەكۈن، شۇنداقلا بىزنىڭ بۈگۈندىن
كېيىنكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى
ئىشلىشىمىزدىكى يېتەكچى ئىدىيە ۋە ئۆلچەم. بىز چوقۇم
ئۇ ئون ئۆلچەم بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى تەك-
شۈرۈشىمىز، ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرىلىتىپ يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشى-
مىز لازىم. شىنجاڭدىكى ئاساسىي خەۋپ «شەرقىي تۈر-
كىستان» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان مىللىي بۆلگۈنچىلەردىن
كېلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر
مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى مۇھىم
ئورۇنغا قويۇپ تۇتۇشى لازىم. ھەر مىللەت كادىرلىرى،
خەلق ئاممىسى مەيدانى مۇستەھكەم، بايرىقى روشەن
ھالدا بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنى قەتئىي بوشاشما-
ي ئېلىپ بېرىشى لازىم. بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ھە-
گىزمۇ بىرەر مىللەتكە قارشى تۇرغانلىق ئەمەس، بەلكى
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك،
دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك زور ئىش. بۆلگۈن-
چىلىككە قارشى تۇرۇشتا چىڭ تۇرغاندىلا، شىنجاڭنىڭ
سىياسىي مۇقىملىقىغا، خەلقنىڭ خاتىرجەم ياشىشىغا كا-
پالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. شۇڭا، مەملىكەت ئىچى ۋە سىر-
تىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ مىللەت، دىن بايرىقىنى
كۆتۈرۈۋېلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق سېلىش،
ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۆلگۈنچىلىك قىلىشتەك بارلىق جىنا-
يى ھەرىكەتلىرىنى قەتئىي پاش قىلىش ۋە ئۇنىڭغا زەربە

بېرىش كېرەك. ئىدىئولوگىيە ساھەسىدە يۈز بەرگەن مىل-
لەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ۋەتەننىڭ
بىرلىكىگە بۆلگۈنچىلىك قىلىدىغان گەپ - سۆزلەرنى ئۇ-
زۇل - كېسىل تەكشۈرۈپ چىقىش ھەمدە قاراتمىلىقى بول-
غان ھالدا تازىلاش ۋە رەددىيە بېرىش كېرەك. ھەر مىل-
لەت كادىرلىرى، ئالىمىسىنىڭ ماركسىزملىق مىللەت نەزە-
رىيە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، دىنىي خىزمەتنى ئەستايىدىل
ئىشلەپ، دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇشنى ھەقىقىي كۈ-
چەيتىش كېرەك. دىنىي پائالىيەتلەر چوقۇم ئاساسىي قانۇن
ۋە قانۇنلار يول قويغان دائىرىدە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك،
دىنىنىڭ دۆلەتنىڭ مەمۇرىي، ئەدلىيە، مائارىپ، نىكاھ ئىش-
لىرىغا ئارىلىشىشىغا ھەرگىز يول قويماسلىق، ئەمەلدىن
قالدۇرۇلغان دىنىي فېئوداللىق ئىمتىياز، دىنىي ئېزىش
ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قەتئىي
يول قويماسلىق كېرەك. شەخسىلەرنىڭ دىنىي مەكتەپلەرنى
ئېچىشىغا يول قويماسلىق كېرەك. يېقىنقى بىرنەچچە يىل-
دىن بۇيانقى ھەجگە بېرىش، مەسچىت قۇرۇلۇشى ۋە باش-
قۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر
ئۈستىدە ئەستايىدىل مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىپ، ئۈنۈملۈك
تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ھەل قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن
بىر ۋاقىتتا، دىنىي باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى يەنىمۇ تو-
لۇقلاش، زۆرۈر بولغان كۈچلەرنى تولۇقلاش، دىنىي خىز-
مەتكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش كېرەك. ئارمىيە
بىلەن خەلق، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى
ئىتتىپاقلىقنى، بىڭتۈەن بىلەن يەرلىكنىڭ، مەركەزگە قاراش-
لىق كارخانىلار بىلەن يەرلىكنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ

كۈچەيتىش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىنچ - ئىتتىپاق بول-
غان سىياسىي ۋەزىيىتىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش ۋە را-
ۋاجلاندۇرۇش كېرەك.
**تۆتىنچى، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئەستايىدىل كۈچەيتىش كې-**
رەك. پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە ئۈچ نۇقتا ئىنتايىن مۇ-
ھىم: بىرىنچىدىن، رەھبەرلىك بەنزە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ھەر
دەرىجىلىك رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ھەقىقىي تۇردە پارتىيىگە، سوتسى-
يالىزمغا، ماركسىزم لېنىنىزمغا سادىق كىشىلەرگە تۇتقۇزۇش كېرەك.
مەسىلىسى بارلارغا قارىتا تەنقىد - تەربىيە ئېلىپ بېرىش،
مەسىلىسى ئېغىر، تەربىيە بېرىلسىمۇ ئۆزگەرمىگەنلەرنى قەتئ-
ئىي تەڭشەش كېرەك. ئىككىنچىدىن، پارتىيىنىڭ ئاساسىي
قاتلام تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنى ئوبدان تۇتۇپ، ھەر بىر
پارتىيە ياچېيكىسىنى كۈچلۈك جەڭگىۋارلىققا ئىگە قىلىش
كېرەك. ياچېيكا خىزمىتى ئارقىلىق، ھەر بىر پارتىيە ئە-
زاسىنى ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىل-
دۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. ياچېيكىنىڭ
جەڭگىۋار قورغانلىق رولى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋان-
گارتلىق، نەمۇنىلىك رولى ئارقىلىق ئاممىنى ئىتتىپاقلاش-
تۇرۇپ، ئاممىنى يېتەكلەپ خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش
كېرەك. ئۈچىنچىدىن، خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ ئالاقە
باغلاپ، ئاساسىي قاتلامغا، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈش
كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، پارتىيىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ياخ-
شىلاپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاك بولۇشنى ياخشى-
لاش كېرەك، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، خىيانەت-
چىلىكنى تۈگىتىش، پاك بولۇشنى تەشەببۇس قىلىشتەك
ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق، پارتىيە ئىستىلىنى ياخشىلاپ،

پارتىيىنىڭ ئامما ئارىسىدىكى ئىناۋىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. «تەكشۈرۈش، ئىنىقلاش» خىزمىتىنى ۋاقتىدا ئاخىرلاشتۇرۇپ، نۇقتىلىق ئادەم ۋە ئىشلارنى چىڭ تۇتۇپ بىرتەرەپ قىلىپ، ئاقلاشقا تېگىشلىكلەرنى ئاقلاپ، زەربە بېرىشكە تېگىشلىكلەرگە زەربە بېرىش كېرەك، يوشۇرۇن ئاپەت قالدۇرۇپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

**بەشىنچى، خىزمەت ئىستىلىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشىلاپ، خىزمىتىمىزنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئاساسىي قاتلامغا قويۇشىمىز كېرەك.** ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، ھۆكۈمەتلەر، ھەرقايسى تارماقلار «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى كادىرلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ ئاساسىي قاتلاملارغا چۈشۈرۈش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» نى ئەستايىدىل ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تېزلىكتە زور تۈركۈمدىكى كادىرلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ يېزىلارغا، زاۋۇتلارغا، مەكتەپلەرگە چۈشۈرۈپ، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن تۆۋەنگە چۈشۈپ ئاممىنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ كەڭ - كۆلەمدە دوست تۇتۇپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبىرىي يولداشلار بىۋاستە ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىشى، جايلاردىكى ۋە تارماقلاردىكى رەھبىرىي يولداشلار بىلەن بىرلىكتە ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش چوڭ پىلانىنى مەسلىھەتلىشىشى، ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇشنىڭ

تۈرلۈك تەدبىرلىرىنى ئاساسىي قاتلامغا قەدەر ئەمەلىيلەش-
تۈرۈشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۈتكۈل جەمئى-
يەتنى، بولۇپمۇ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار
ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى، يازغۇچىلار جەمئىيىتى، پەن-
تېخنىكا جەمئىيىتى، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى،
ئىسلام دىنى جەمئىيىتى قاتارلىق خەلق تەشكىلاتلىرىنى سەپەرۋەر-
لىككە كەلتۈرۈپ ئاممىۋى خىزمەتنى بىرلىكتە ياخشى ئىشلەش
كېرەك. خىزمەت ئۇسۇلى جەھەتتە، ئەمەلىي ئىشلەشنى
تەشەببۇس قىلىش كېرەك. كادىرلارمۇ پەيدىنپەي ئا-
ساسىي قاتلامغا چۈشۈشى كېرەك. مەركەز ئاساسىي قاتلامغا
چۆكۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر
چوقۇم خىزمەتنىڭ مۇھىم نوقتىسىنى ئاساسىي قاتلامغا،
ئاممىغا قارىتىپ، جايلاردىكى كادىرلار بىلەن بىرلىكتە ئامما
ئۈچۈن كۆپلىگەن ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىپ بېرىشى كېرەك.
زېھنىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتى
ۋە باشقا خىزمەتلەرنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك،
ئالدىنقى ئىككى ئاي ياخشى تۇتۇلسا، خىزمەتتە تەشەببۇسكار
ئورۇندا تۇرالايمىز، شۇنداقلا بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت-
لەر ئۈچۈن ئوبدان ئاساس سالالايمىز.

**ئالتىنچى، ئىقتىسادىي خىزمەتنى چىڭ تۇتۇش كېرەك.**

ئىقتىسادنىڭ مۇقىم بولۇشى سىياسىنىڭ مۇقىم بولۇشىنىڭ
ئاساسى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى
بۇ يىلقى خىزمەتلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇردى، ئەڭ
تۈپ ۋەزىپە — تۈزەش، ياخشىلاش ۋە ئىسلاھاتنى چوڭ-
قۇرلاشتۇرۇش فاڭجېنىنى قەتئىي ئىزچىل ئىجرا قىلىشتىن
ئىبارەت. ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، قىيىنچىلىقتا توغرا

قاراپ، ۋەھنى تۇرغۇزۇپ، خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەپ، تۈزەش ۋە ياخشىلاشنىڭ نىشانى ۋە ۋەزىپىسىنى تىرىشىپ ئورۇنداش كېرەك. ئورغاقچىلىققا قارشى تۇرۇشنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇپ. يېزا ئىگىلىكىگە دائىر تۈرلۈك سىياسەتلەرنىڭ ۋە تەدبىرلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى چىڭ تۇتۇپ كۆچەيتىش كېرەك. دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقتا 13 - يىلمۇ مول ھوسۇل ئېلىشنى ھەرخىل چارىلەر بىلەن قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى چىڭ تۇتۇپ، تېخىمۇ كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، بۇ يىللىق سانائەت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلىرىنى ئايمۇ ئاي، پەسىلمۇ پەسىل ئورۇنداش كېرەك. بازار تەمىناتىنى چىڭ تۇتۇپ، مال باھاسىنىڭ ئۆرلىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش كېرەك. كىرىمنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈپ، مالىيە كىرىمىنى كۆپەيتىش كېرەك. «ئىككىنى قىسقارتىش» فاڭجېنىدا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، بىر نەچچە يىل ھەقىقىي ئىسراپ تۇرمۇش كەچۈرۈش كېرەك. سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى پائال كېڭەيتىپ، سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش بىلەن تۈزەش، ياخشىلاشنى ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرىدىغان قىلىش كېرەك. ئىقتىسادىي خىزمەتنى يىل بېشىدىن باشلاپلا ئالاھىدە چىڭ تۇتۇپ، پۇختا ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ تۈزەش، ياخشىلاش جەريانىدا مۇقىم بولۇشىنى، مۇقىملىق ئاساسىدا تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈپ، ئۇندا، مۇقىم، ماس ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىزىغا ھەقىقىي چۈشۈرۈش كېرەك.

تەرجىمە قىلغۇچىلار: شىرئەلى، ھەبىبە، ئامىنە،
تۇرنان، م. ئىملاخۇن
مەسئۇل مۇھەررىرى: م. ئىملاخۇن

新疆宣传（维吾尔文） شىنجاڭ تەشۋىقاتى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈم «شىنجاڭ تەشۋىقاتى»
تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى
شىنجاڭ شىنخۇا 3 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

ش ئۇ ئا ر قەرەللىك ژۇرناللار تىزىملىكى نومۇرى: 841